بسم الله الرحمن الرحیم

وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَىٰ فَادْعُوهُ بِهَا

مۇھەممەد يۇسۇپ

# ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى

## (يەتتىنچى ئاسمانغا سەپەر)

ئىسلامي ئەسەرلەر نەشرياتى

# ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى

## (يەتتىنچى ئاسمانغا سەپەر)

**مۇھەممەد يۈسۈپ**

تەھرىرى: ئاتائۇللاھ سەئىد

كوررېكتورى: ئا.ئاقھۇن

لايىھەلىگۈچى: ئا.ئاقھۇن

2021 - يىلى 12 - ئاي / بىرىنچى نەشرى

ISBN:

ئىسلامي ئەسەرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل - تۈركىيە

﴿وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى فَادْعُوهُ بِهَا﴾

**«ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، شۇڭا، سىلەر ئاللاھنى شۇ ئىسىملار بىلەن چاقىرىڭلار»**

- ئەئراف: 80 -ئايەت.

## ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ئىسملىرى

اللّٰه
الرَّحْمَنُ
الرَّحِيْمُ
العَفُوُّ
الغَافِرُ
الغَفُورُ
الغَفَّارُ
المَلِكُ
المَالِكُ
المَلِيكُ
القُدُّوسُ
السَّلَامُ
المُؤْمِنُ
المُهَيْمِنُ
العَزِيزُ
الجَبَّارُ
الكَبِيرُ
المُتَكَبِّرُ
الخَالِقُ
الخَلَّاقُ
البَارِئُ

المُصَوِّرُ
القَاهِرُ
القَهَّارُ
الوَهَّابُ
الرَّازِقُ
الرَّزَّاقُ
الفَتَّاحُ
العَالِمُ
العَلِيمُ
العَلَّامُ
القَابِضُ
البَاسِطُ
السَّمِيعُ
البَصِيرُ
اللَّطِيفُ
الخَبِيرُ
الحَلِيمُ
العَظِيمُ
الشَّاكِرُ
الشَّكُورُ
العَلِيُّ

الأَعْلَى
المُتَعَالُ
الحَافِظُ
الحَفِيظُ
المُقِيتُ
الحَسِيبُ
الكَرِيمُ
الأَكْرَمُ
الرَّقِيبُ
القَرِيبُ
المُجِيبُ
الوَاسِعُ
الحَكِيمُ
الحَكَمُ
الحَاكِمُ
الوَدُودُ
المَجِيدُ
الشَّهِيدُ
المُبِينُ
الحَقُّ
الوَكِيلُ

الفَاطِرُ
القَوِيُّ
المَتِينُ
الوَلِيُّ
المَوْلَى
الحَمِيدُ
الحَيُّ
القَيُّومُ
الوَاحِدُ
الأَحَدُ
الصَّمَدُ
القَادِرُ
القَدِيرُ
المُقْتَدِرُ
الأَوَّلُ
الآخِرُ
الظَّاهِرُ
البَاطِنُ
البَرُّ
التَّوابُ
الرَّبُّ

الرَّءوفُ
ذُوالجَلَالِ
وَالإِكْرَامِ
ذُوالطَّوْلِ
الغَنِيُّ
النُّوْرُ
الهَادِي
البَدِيعُ
الحَفِيُّ
النَّاصِرُ
النَّصِيرُ
رَفِيعُ
الدَّرَجَاتِ
المُستَعَانُ
المُحِيْطُ
المُحِيْطُ
الإِلَٰهُ
ذُوالفَضلِ
ذُوالمَعَارِجِ
الوَارِثُ

## ئاللاھ تائالانىڭ سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن ئىسملىرى

المَنَّانُ
الطَّيِّبُ
الوِتْرُ
المُقَدِّمُ

المُؤَخِّرُ
الحَيِيُّ
الجَمِيلُ
السِّتِّيرُ

الجَوَادُ
المُعْطِي
المُحْسِنُ
الرِّفِيقُ

السُّبوحُ
المُسَعِّرُ
السَّيِّدُ
الدَّيَّانُ

الشَّافِي

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........ 7
ئاللاھ تائالانى تونۇش بارچە ئىلىملەرنىڭ بېشىدۇر ........ 15
ئەقىل ئاللاھ تائالاغا باشلايدۇ ........ 22
ئەقىلنىڭ رولى ........ 27
ئەقىل ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ قورالى ........ 31
تاسادىپىيلىق ........ 34
تەبىئەت ........ 38
ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم –سۈپەتلىرى ........ 42
ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنى بىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ........ 46
ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى بىلىشنىڭ پايدىلىرى ........ 51
ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنىڭ گۈزەللىكى ........ 62
ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرى بىلەن دۇئا قىلىش ........ 64
ئىسمى ئەزەم / الاسم الأعظم ........ 67


## ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى


اللّٰه / ئاللاھ ........ 73
الرَّحْمَنُ / ئەررەھمان ........ 76
الرَّحِيم / ئەررەھىم ........ 77
العَفُوُّ / ئەلئەفۇۋۇ ........ 78

الغَافِر / ئەلغافىر 79
الغَفُورُ / ئەلغەفۇر 80
الغَفّارُ / ئەلغەففار 81
المَلِكُ / ئەلمەلىك 82
الْمَالِكُ / ئەلمالىك 83
المَلِيكُ / ئەلمەلىيك 84
القُدّوسُ / ئەلقۇددۇس 85
السّلامُ / ئەسسەلام 86
المُؤْمِنُ / ئەلمۇئمىن 87
المُهَيْمِنُ / ئەلمۇھەيمىن 88
العَزِيزُ / ئەلئەزىز 89
الجَبّارُ / ئەلجەببار 91
الكَبِيرُ / ئەلكەبىير 92
المُتَكَبِّرُ / ئەلمۇتەكەببىر 93
الخَالِقُ / ئەلخالىق 94
الخَلّاقُ / ئەلخەللاق 95
البَارِئُ / ئەلبارىئ 96
المُصَوِّرُ / ئەلمۇسەۋۋىر 97
القَاهِرُ / ئەلقاھىر 98
القَهّارُ / ئەلقەھھار 99
الوَهّابُ / ئەلۋەھھاب 100
الرّازِقُ / ئەررازىق 101
الرّزّاقُ / ئەررەززاق 103
الفَتّاحُ / ئەلفەتتاھ 104
العَالِمُ / ئەلئالىم 105

العَلِيمُ / ئەلئەلىيم 106
العَلّامُ / ئەلئەللام 107
القَابِضُ / ئەلقابىز 108
البَاسِطُ / ئەلباسىت 109
السَّمِيعُ / ئەسسەمىيئ 110
البَصِيرُ / ئەلبەسىير 111
اللَّطِيفُ / ئەللەتىف 112
الخَبِيرُ / ئەلخەبىير 113
الحَلِيمُ / ئەلھەلىيم 114
العَظِيمُ / ئەلئەزىيم 115
الشَّاكِرُ / ئەششاكىر 116
الشَّكُورُ / ئەششەكۇر 117
«العَلِيُّ / ئەلئەلىي 118
الْأَعْلَى/ ئەلئەئلا 119
المُتَعَالُ / ئەلمۇتەئال 120
الحَافظُ / ئەلھافىز 121
الحَفيظُ / ئەلھەفىيز 122
الْمُقِيتُ / ئەلمۇقىيت 123
الحَسِيبُ / ئەلھەسىيب 124
الكَرِيمُ / ئەلكەرىيم 125
الأَكْرَمُ / ئەلئەكرەم 126
الرَّقِيبُ / ئەررەقىيب 127
القَرِيبُ / ئەلقەرىيب 128
المُجِيبُ / ئەلمۇجىيب 129
الوَاسِعُ / ئەلۋاسىئ 130

الحَكِيمُ / ئەلھەكىيم ...... 131
الحَكَمُ / ئەلھەكەم ...... 132
الحَاكِمُ / ئەلھاكىم ...... 133
الوَدودُ / ئەلۋەدۇد ...... 134
المَجيدُ / ئەلمەجىيد ...... 135
الشّهيدُ / ئەششەھىيد ...... 136
المُبِينُ / ئەلمۇبىين ...... 137
الحَقُّ / ئەلھەق ...... 138
الوَكيلُ / ئەلۋەكىيل ...... 139
الفاَطِر / ئەلفاتىر ...... 140
القَوِيُّ / ئەلقەۋىي ...... 141
المَتِينُ / ئەلمەتىين ...... 142
الوَلِيُّ / ئەلۋەلىي ...... 143
المَوْلَى / ئەلمەۋلا ...... 144
الحَميدُ / ئەلھەمىيد ...... 145
الحَيُّ / ئەلھەييۇ ...... 146
القَيُّومُ / ئەلقەييۇم ...... 147
الوَاحِدُ / ئەلۋاھىد ...... 148
الأَحَدُ / ئەلئەھەد ...... 149
الصّمَدُ / ئەسسەمەد ...... 150
القَادِرُ / ئەلقادىر ...... 151
القَديرُ / ئەلقەدىير ...... 152
المُقْتَدِرُ / ئەلمۇقتەدىر ...... 153
الأَوّلُ،الآخِرُ / ئەلئەۋۋەل، ئەلئاخىر ...... 154
الظّاهِرُ، البَاطِنُ / ئەززاھىر، ئەلباتىن ...... 155

البَرُّ / ئەلبەررۇ ........ 156
التّوابُ / ئەتتەۋۋاب ........ 157
الرّبُّ / ئەررەب ........ 158
الرّءوفُ / ئەررەئۇۇف ........ 159
ذُوالْجَلَالِ وَالإِكْرَام / زۇلجەلالى ۋەلئىكرام ........ 160
ذُوالطّوْلِ / زۇتتەۋل ........ 162
الغَنيُّ / ئەلغەنى ........ 163
النُوْرُ / ئەننۇر ........ 164
الهَادِي / ئەلهادىي ........ 166
البَدِيعُ / ئەلبەدىيئ ........ 167
الحَفِيُّ / ئەلهەفىي ........ 168
النّاصِرُ / ئەنناسىر ........ 169
النّصِيرُ / ئەننەسىير ........ 170
رَفِيع الدَرَجَاتِ/ رەفىئۇددەرەجات ........ 171
المُستَعَانُ / ئەلمۇستەئان ........ 172
المُحِيْطُ / ئەلمۇهىيت ........ 173
الإِلَهُ / ئەلئىلاھ ........ 174
الوَارِثُ / ئەلۋارىس ........ 175
ذُو الفَضلِ / زۇلفەزل ........ 176
ذُو المَعَارِجِ / زۇلمەئارىج ........ 177
المَنّانّ / ئەلمەننان ........ 178
الطّيِّبُ / ئەتتەييىب ........ 179
الوِتْرُ / ئەلۋىتر ........ 180
المُقَدِّمُ، المُؤَخِّرُ/ئەلمۇقەددىم، ئەلمۇئەخخىر ........ 181
الحَيِيُّ / ئەلهەيىيي ........ 182

الجَمِيلُ / ئەلجەميل ..... 183
السِّتِيرُ / ئەسسىتتىير ..... 184
الجَوَّادُ / ئەلجەۋۋاد ..... 185
المُعْطِي / ئەلمۇئتىي ..... 186
المُحْسِنُ / ئەلمۇھسىن ..... 187
الرِّفِيقُ / ئەررەفىيق ..... 188
السُّبوحُ / ئەسسۇببۇھ ..... 189
المُسَعِّرُ / ئەلمۇسەئئىر ..... 190
السَّيِّدُ / ئەسسەييىد ..... 191
الدَيَّانُ / ئەددەييان ..... 192
الشَّافِي / ئەششافىي ..... 194

## ھاياتىڭىزنى ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن نۇرلاندۇرۇڭ

ھاياتىڭىزنى ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن نۇرلاندۇرۇڭ ..... 197
القريب ـ يېقىن ..... 199
الهادي ــ يول كۆرسەتكۈچى ..... 208
الشكور ــ ئاز ئەمەلگە كۆپ ساۋاب بەرگۈچى ..... 223
الجبار ــ ئىسلاھ قىلغۇچى، قەھر قىلغۇچى ۋە ئايىغۇچى ..... 232
الشافي ــ شىپالىق بەرگۈچى ..... 240
الحفيظ ــ ساقلىغۇچى ..... 247
الوكيل ــ ھامىي بولغۇچى ..... 260
الغَفُوْرُ ــ ئەلغەفۇر ..... 272

# مۇقەددىمە

ئەڭ گۈزەل ماختاش ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالانى چىن قەلبىمدىن مەدھىيەلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن. ھەق دىننى بىزلەرگە يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان مۇئمىنلەرگە ئىككىلا ئالەمدە ئامانلىق تىلەيمەن.

چىن ئىشىنىمەنكى، قەلبى ئاللاھ تائالاغا باغلانغان، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن ھەزەر ئەيلىگەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى ۋە بارلىق ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىر لەھزىمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان ھالدا، ھاياتلىق قايىنىمىغا دادىل قەدەم باسقان كىشىلەر ئەڭ بەختلىك كىشىلەردۇر. شەكسىزكى، بەختلىك ھاياتنىڭ سىرى ئاللاھ تائالانى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا يۈرەكتىن باغلىنىشتۇر. بارچە غەمكىنلىك، قورقۇنچ، قىيىنچىلىق، ۋەسۋەسە، چارىسىزلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېتەرلىك سەۋەبلەرنى قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ ياردەم تىلەش بىلەن ھەل بولىدۇ. شۇڭا

«ئاللاھنى تاپقانلار نېمىنى يوقىتىپتۇ؟ ئاللاھنى تاپالمىغانلار نېمىگە ئېرىشىپتۇ؟» دېيىلىدۇ. دۇنيانىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى ئاللاھ تائالاغا باغلىنىش بىلەن، ئاخىرەتنىڭ لەززىتى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامى بىلەن بولىدۇ. بىز ئاللاھ تائالاغا ئىنتايىن بەك موھتاجمىز. بىزنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئېھتىياجىمىز جانلىقلارنىڭ ھاۋاغا، بېلىقلارنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىغا ئوخشايدۇ.

ۋابا، تەبىئىي ئاپەت، مۇستەملىكە، ئۇرۇش دېگەندەك بەختسىزلىكلەر داۋاملىشىۋاتقان، بولۇپمۇ ئەزىز خەلقىمىزنىڭ بېشىغا تاقەت قىلغۇسىز دەرىجىدە ئېغىر جەۋر ـ زۇلۇم كەلگەن مۇشۇ زاماندا ئاللاھ تائالانى تونۇش، ئۇنىڭ يولىغا كىرىش، ئۇنىڭغا يۈرەكتىن باغلىنىش، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىش ئارقىلىق ئېزىلگەن دىللىرىغا تەسەللى، سولغۇن چىرايلىرىغا تەبەسسۇم، دەردلىرىگە داۋا، قىيىنچىلىقلىرىغا چىقىش يولى ئىزدەش ھەربىر ئەقىللىق مۇئمىننىڭ تاللىشى دەپ ئويلايمەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزگە جان تومۇرىمىزدىنمۇ يېقىندۇر، ئۇ بىزنىڭ دەردىمىزنى تىڭشايدۇ، مۇناجاتىمىزنى ئاڭلايدۇ، دۇئالىرىمىزنى قوبۇل قىلىدۇ. بىزگە ئەڭ زۆرۈر بولغىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇشتۇر. چۈنكى ئۇنىڭغا يېقىن بولغانلار مۇرادىغا يەتكەن. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەرلەرنى ۋە مۇئمىنلەرنى ۋەھشى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغان، نۇھ ئەلەيھىسسالامنى توپان بالاسىدىن قۇتقۇزغان، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتتا كۆيۈشتىن ساقلىغان، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى كىتنىڭ قارنىدىن ساق چىقارغان، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى دېڭىزدا غەرق

بولۇشتىن ساقلىغان، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىغان، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بارلىق ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىغان، مۇئمىنلەر ئۆز دىنىغا سادىق بولغان، ئۇنى ھاياتىنىڭ بارچە ساھەلىرىدە تولۇق ياشاتقان زامانلىرىدا، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ خىرىسلىرىدىن ساقلىغان ۋە قوغدىغان زاتتۇر. زامانىمىز دەل ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا قايتىش زامانىدۇر. ﴿أَلَمْ يَأْنِ لِلَّذِينَ آمَنُوا أَنْ تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ اللَّهِ وَمَا نَزَلَ مِنَ الْحَقِّ﴾ «ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئاللاھنى ياد ئەتكەندە ۋە نازىل قىلىنغان ھەقىقەت (قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلىغاندا) دىللىرى ئېرىيدىغان ۋاقت يېتىپ كەلمىدىمۇ؟»[1].

بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئاۋۋال ئۆزۈمنى، ئاندىن ئوقۇرمەنلىرىمنى ئاللاھ تائالاغا باشلاشنى، ئۇنى يېقىندىن تونۇشنى، ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى ۋە سۈپەتلىرىنى بىرلىكتە ئۆگىنىشنى مەقسەت قىلدىم. چۈنكى «ئاللاھسىز ھايات جەھەننەمدۇر» دېگەندەك، ئاللاھ تائالانى تونۇماي ياشىغان ھايات ئىزتىراپلىق ۋە ئازابلىق ھاياتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى بىلمەسلىك بولسا باياۋاندا گاڭگىراپ يۈرگەنگە ئوخشايدۇ. «ئىنساننىڭ ئەڭ مەنىلىك ۋە ئەڭ گۈزەل ۋاقتى ئۇنىڭ زىكىر بىلەن ياكى دۇئا بىلەن ياكى ئىبادەت بىلەن ياكى شۈكۈر بىلەن ياكى ئاللاھ تائالانىڭ تائىتىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ھالدا دۇنيالىق ئىشلىرىدىن بىرەر ئىش بىلەن ياكى بىرەر مۇسۇلماننىڭ

[1] ھەدىد سۈرىسى: 16 - ئايەت.

هاجىتىنى راۋا قىلىش بىلەن ۋەياكى خەلقىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋاقتىدۇر»[1].

چۈنكى قەلبتە مەنىۋىيەت تەرەپتىن بىر بوشلۇق بولۇپ، ئىنسانلار ئۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ۋە كۆڭلىنى تىندۇرۇش ئۈچۈن، ھەر خىل ئىشلارنى ۋە ئويۇن ـ كۈلكىلەرنى قىلىپ باقىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۇنى قەتئىي تولدۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇ بوشلۇقنى ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە بولۇشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە تولدۇرالمايدۇ، كۆڭۈل ئاللاھ بىلەنلا ھۇزۇرىنى تاپىدۇ. ﴿أَلَا بِذِكْرِ اللَّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾ «بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ»[2]. ئاللاھ تائالا بىلەن بولۇش ئادەمنى بۇ دۇنيانىڭ تۈگىمەس ئىزتىراپلىرىدىن يىراق قىلىدۇ. سىز ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان چاغلىرىڭىزدا، خۇشاللىقىڭىز ئاشىدۇ، قەلبىڭىز تىنچلىنىدۇ، ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلىسىز، تۇيغۇلىرىڭىز راھەتلىنىدۇ.

بۇ ئەسەرنى ھازىرلاشتا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەردىن بىر قانچىسىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتىم، ئاندىن مەزكۇر ئەسەرلەردىن بەزىسىنى مەنبە قىلىش ئۈچۈن تاللىدىم. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

- ئەللامە سەلمان ئەۋدەنىڭ «مع الله الاسم الأعظم وقضية

---

[1] ئەللامە سەلمان ئەۋدەنىڭ «مع الله الاسم الأعظم وقضية أسماء الله الحسنى» ناملىق ئەسىرى، 37 - بەت. ئەللامە سەلمان ئەۋدە 1956 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ قەسىيم شەھىرىدە تۇغۇلغان ئىسلام مۇتەپەككۇرى، ھازىرغىچە 13 پارچە ئىسلامىي ئەسەر يازغان، كۆپلىگەن ئىلمىي مۇئەسسەسەلەرنى قۇرغان، نۇرغۇن ئىلمىي سورۇنلارنى ئۇيۇشتۇرغان.

[2] رەئد سۈرىسى: 28 - ئايەت.

«أسماء الله الحسنى» ناملىق ئەسىرى.

- ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلىسىينىڭ[1] «موسوعة أسماء الله الحسنى» ناملىق ئەسىرى.
- دوكتور ئۆمەر ئەشقەرنىڭ[2] «أسماء الله وصفاته» ناملىق ئەسىرى.
- مۇھەممەد ھەمۇد ئەننەجدىي[3] «النهج الأسمى في شرح أسماء الله الحسنى» ناملىق ئەسىرى.
- ئەلى ئىبنى جابىر ئەلفەيفىينىڭ[4] «لأنك الله» ناملىق ئەسىرى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ 99 ئىسمى بار، كىمكى ئۇلارنى سانىسا جەننەتكە كىرىدۇ»[5] دەپ كۆرسەتكەن. كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرى 99 ئىسىم بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ چېكى يوق، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ تائالانىڭ

---

[1] ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلىسىي 1939 - يىلى سۈرىيەنىڭ دەمەشىق شەھىرىدە تۇغۇلغان ئالىم، 15 پارچىدىن كۆپرەك ئىسلامىي ئەسەر يازغان، لېكسىيە سۆزلەش ۋە يېزىش ئارقىلىق دىنىمىزغا خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

[2] دوكتور ئۆمەر ئەشقەر 1940 - يىلى پەلەستىندە تۇغۇلغان ئالىم، ئىيوردانىيە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇستاز بولۇپ ئىشلىگەن، 2012 - يىلى ئوممان شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

[3] مۇھەممەد ھەمۇد ئەننەجدىي 1959 - يىلى كۇۋەيتتە تۇغۇلغان ئالىم، كۇۋەيتتىكى مەلۇم بىر مەسجىدنىڭ ئىمام ۋە خاتىبى، قوشۇمچە مەدرىسىدە ئۇستازلىق قىلىدۇ.

[4] ئەلى ئىبنى جابىر ئەلفەيفىي سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ فەيفا دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان ئالىم، ھازىر مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۇستازلىق قىلىدۇ.

[5] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىسىملىرىنىڭ سانى ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بۇ سەۋەبتىن بىر ئۆلىمانىڭ توپلىغانلىرى يەنە بىر ئۆلىمانىڭ توپلىغانلىرىدىن پەرقلىق بولغان. مەسىلەن: ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلىسىي مەزكۇر ئەسىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن ئىسىملىرىدىن 100نى، ئەللامە سەلمان ئەۋدە 117نى بايان قىلغان. پېقىر ئەللامە سەلمان ئەۋدەنىڭ ئەسىرى بىلەن ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلىسىينىڭ ئەسىرىنى ئاساس قىلىپ، ھەر ئىككىسىدىن مۇۋاپىق دەرىجىدە توپلاپ، ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ئىسىملىرىدىن 101، سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن ئىسىملىرىدىن 17، جەمئىي 118 ئىسمىنى ئىخچام بايا قىلدىم. بۇ ئىسىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مەزكۇر ئىككى مۇئەللىپ بىرلىككە كەلگەن ئىسىملاردىن بولدى. ئىسىملارنى شەرھلەشتە باشقا مەنبەلەردىنمۇ پايدىلاندىم.

ئەسەرنىڭ ئاخىرقى «ھاياتىڭىزنى ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن نۇرلاندۇرۇڭ» دېگەن قىسمىنى ئومۇمەن ئەلى ئىبنى جابىر ئەلفەيفىينىڭ «لأنك الله» ناملىق ئەسىرىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئالدىم.

ئۆزۈمنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ زور ئىلتىپاتىغا ۋە سانسىز ياردىمىگە ئېرىشكەن بىرى دەپ بىلىمەن. چۈنكى مەن ئاللاھ تائالانىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقىغا چىن ئىشەندىم، چوڭ – كىچىك بارلىق ھاجەتلىرىمنى ئۇنىڭدىن ئۇيالماي، تارتىنماي تىلەشنى ئادەت قىلىۋالدىم. «ئى رەببىم! مەن بارچە غەملەردىن يىراق بولۇپ، سېنىڭ ئۇلۇغ دىنىڭغا خىزمەت

قىلىشنىڭ غېمىنىلا قىلاي، يۈرىكىمدىكى مۇشۇ ئۆتىنى قەتئىي ئۆچۈرمىگىن، سەن مېنىڭ ھاجەتلىرىمنى راۋا قىلغىن، مېنى بارلىق غەملىرىمدىن خالاس قىلغىن، كۆڭلۈمنى خاتىرجەم، دىلىمنى يورۇق قىلغىن» دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم. بۇنداق دۇئا قىلىش توغرىمۇ ياكى ئاللاھ تائالا بىلەن سودىلاشقاندەك بولۇپ قالامدۇ؟ بۇنى بىلمىدىم. ئەمما پايدىسىنى ئىنتايىن كۆپ كۆردۈم. ئولتۇرسام، قوپسام، ھەتتا ئۇخلاش ئالدىدىمۇ بارچە خىيالىم ئۆزۈم بىر قوللۇق ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان ماۋزۇ ياكى ئىزدىنىۋاتقان مەسىلە ئۈستىدە بولىدۇ، ئۆينىڭ ئىشلىرى بىلەن ئانچە كارىم بولماي قالىدۇ. شۇڭا بەزىدە ئايالىم ماڭا: «سىز ئۆزىڭىزنىڭ دۇنياسىدا تەنھا ياشاۋاتىسىز» دەپ قويىدۇ. چۈنكى ئائىلىنىڭ غېمىنى يېيىش، سودا - سېتىق ئىشلىرىنى قىلىش، باللارنىڭ دەرسلىرىنى تەكشۈرۈش، ئۆگىنىشلىرىنى قىلدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ پىداكار ھايات شېرىكىمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ مېنىڭ كەمچىلىكىم. چۈنكى بۇ ئادىللىق ئەمەس.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاشۇ ۋاپادار ھايات شېرىكىمگە زور تەن ساقلىقى ۋە ئىككىلا ئالەملىك بەخت - سائادەت تىلەيمەن ھەمدە بۇ ئەمگىكىمنىڭ ئەجرىنى بىر ئاللاھتىنلا تىلەيمەن، ساۋابىنى بولسا جاپاكەش ھايات شېرىكىمگە ھەدىيە قىلىمەن. چۈنكى مېنىڭ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىمدە ئۇنىڭ ھەسسىسى بار.

جانابى ئاللاھ تائالادىن بۇ ئادەتتىكى ئەمگىكىمنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلىشىنى ۋە ئۇنى مۇسۇلمان خەلقىم

ئۇچۇن مەنپەئەتلىك ئىلىملەر قاتارىدىن قىلىپ بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلەيمەن.

مۇھەممەد يۇسۇپ

1443 ھ، 16 ــ مۇھەررەم / 2021م، 24 ــ ئاۋغۇست.

جىددە ـــ سەئۇدى ئەرەبىستان.

# ئاللاھ تائالانى تونۇش بارچە ئىلىملەرنىڭ بېشىدۇر

ئىلىمنىڭ بېشى ئاللاھ تائالانى تونۇشتۇر. چۈنكى بارچە ئىلىملەر ئاللاھ تائالانى تونۇشتىن ۋە بىلىشتىن باشلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانى بىلىش ئىلىملەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىكىدۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادىتى ئاللاھ تائالانى تونۇش بىلەن بولىدۇ. ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىي مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار رەببىنى تونۇمىغۇچە ئۇلارغا نە سائادەت، نە دۇرۇسلۇق، نە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بولمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر غايىسى، ئۇنى تونۇش كۆڭۈللىرىنىڭ ئارامى بولۇشى لازىم. ناۋادا ئۇلار بۇنى يوقىتىپ قويسا، ئۇلار باشقا جانلىقلاردىنمۇ يامان ھالغا چۈشۈپ قالغان بولىدۇ»[1].

دۇنيادا ھېچقانداق دىن ۋە ھېچقانداق پەلسەپە ئاللاھ تائالانى ئىسلام دىنى تەرىپلىگەندەك مۇكەممەل ۋە توغرا تەرىپلىگەن ئەمەس.

ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان، ئەبەدىي مەۋجۇت بولىدىغان، ھەممىنى ياراتقان ۋە ھەممىنى پەرۋىش قىلىپ،

---

[1] «مختثر الصواعق المرسلة» 1 - توم، 47 - بەت.

ھەممە جانلىقلارغا رىزىق بېرىپ تۇرۇۋاتقان، چىن يۈرەكتىن سۆيۈلۈشكە، ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولغان يەككە - يېگانە ئىلاھتۇر.

ئاللاھ تائالا زاتىدا، بارچە ئىسىم - سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ئەڭ مۇكەممەل زاتتۇر. ئۇ ئەڭ گۈزەل سۈپەتلەرگە ئىگىدۇر، بارلىق ئەيىب - نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ئۇ جىمى مەخلۇقاتىغا ناھايىتى بەك رەھىم - شەپقەتلىكتۇر، بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ بەك يېقىندۇر. بارچە مەخلۇقات ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ئەكسىچە ئۇ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەستۇر. ئۇ بالىلىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ كىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇتلەق كۈچ - قۇدرەت، چەكسىز ئىلىم - ھېكمەت، گۈزەل سەنئەت ئىگىسى بولۇپ، كائىناتتىكى گۈزەللىكلەر ئۇنىڭ گۈزەل سەنئىتىنىڭ ۋە چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا كائىناتنى ئىدارە قىلىشتا، بارچە جانلىقلارنى رىزىقلاندۇرۇشتا، ئۆلتۈرۈش، تىرىلدۈرۈش، بار قىلىش، يوق قىلىش قاتارلىق بارلىق ئىشلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوقتۇر.

ئىنساندا مۇشۇ ئەقىدە، مۇشۇ چۈشەنچە يەرلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاياتىدا تولۇق بىر خاتىرجەملىك، قانائەت ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەت ھۆكۈم سۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئادالەتلىك، توغرا ئىش قىلىدىغان، رەھىم - شەپقەتلىك، ئىلىم

ـ ھېكمەتلىك بىر ئىلاھنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ-دە، غەم ـ قايغۇ ۋە ئەندىشە دېگەنلەر ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئورۇن تاپالمايدۇ، نەتىجىدە، ھاياتىنىڭ تەمىنى ۋە ھالاۋىتىنى تولۇق تېتىيدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت ـ سائادەت بارمۇ؟!

ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىل ـ پاكىتلارنى ۋە ئالامەتلەرنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىنىڭ سانىچە دەلىللەر ئۇنىڭ بارلىقىغا كەسكىن دالالەت قىلىدۇ. ﴿إِنَّ فِى ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلْأَرْضِ لآيَاتٍ لِّلْمُؤْمِنِينَ﴾ «شەكسىزكى، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۇئمىنلەر ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار»[1]. ﴿ذٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْ لا إِلَـٰهَ إِلاَّ هُوَ خَالِقُ كُلِّ شَىْءٍ فَٱعْبُدُوهُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ وَكِيلٌ﴾ يەنى «(ئى ئىنسانلار!) ئەنە شۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان ئاللاھتۇر، ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار. ئۇ ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر»[2]. ﴿إِنَّ رَبَّكُمُ اللَّهُ الَّذِى خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ يُغْشِى اللَّيْلَ النَّهَارَ يَطْلُبُهُ حَثِيثًا وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ وَالنُّجُومَ مُسَخَّرَاتٍ بِأَمْرِهِ أَلَا لَهُ الْخَلْقُ وَالْأَمْرُ تَبَارَكَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ﴾ «شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشنىڭ ئۈستىگە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) ئۆرلىگەن، كېچە بىلەن كۈندۈزنى يېپىپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنى يېپىپ، بىر

---

[1] جاسىيە سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى 102 ـ ئايەت.

ـ بىرىنى قوغلىشىدىغان، قوغلاش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئۆزىنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرىدىغان قىلىپ ياراتقان ئاللاھتۇر. بىلىڭلاركى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر»[1].

بىر شائىر مۇنداق دېگەن ئىكەن:

وفي كل شيئ له آية تدل على أنه الواحد

*ھەر نەرسىدە ئاللاھ ئۈچۈن بار ئالامەت،*
*بىرلىكىگە قىلىدۇ شەكسىز دالالەت.*

مىسىرلىق مەشھۇر دەۋەتچى ئالىم، ناتىق ئابدۇلھەمىد كىشك بىر شېئىرىدا مۇنداق دېگەن:

سَلْ الوَاحَةَ الخضَرْاَءَ وَالمْاَءَ جَارِياً،
وَهذِهِ الصَّحَارِي وَالجْبِاَلَ الرَّوَاسِيَا،
سَلْ الرَّوْضَةَ مُزْدَاناً وَالزَّهْرَ وَالنَّدَاء،
وَسَلْ كُلَّ شَيْءٍ تَسْمَعُ الحْمَدَ سَارِياً،
فَلَوْ جَنَّ هَذَا الَّلْيلُ وَامْتَدَّ سَرْمَداً،
فَمَنْ إِلَهٌ غَيْرُ رَبِّي يُرْجِعُ الصُّبْحَ ثَانِياً.

*سورا دەشتە چۆللەردىن، سورا ئېگىز تاغلاردىن،*
*سورا ئاققان سۇلاردىن، سورا يېشىل باغلاردىن،*
*سورا گۈزەل بوستاندىن، سورا چېچەك، شەبنەمدىن،*

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 54 - ئايەت.

*ئاڭلايدىغان مەدھىنى سورا بارچە ئالەمدىن،*
*گەر ئۇزارسا بۇ كېچە، زۇلمەت بېسىپ ھەممىنى،*
*بارمۇ ئۆزگە رەببىمدىن كەلتۈرگۈچى سۈبھىنى.*

دۇنيادا ھېچكىم «ئۆزىدە يوق نەرسىنى باشقىلارغا بەرگىلى بولمايدۇ» دەيدىغان ئەقلىي پرىنسىپنى ئىنكار قىلالمايدۇ. بىز بۇ ئەقلىي پرىنسىپنى تەتبىقلايدىغان بولساق تۆۋەندىكى نەتىجىگە ئېرىشىمىز: بۇ پايانسىز كائىناتتا، ھەر لەھزىدە مىليونلىغان يېڭىلىقلار، ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئاددىيسى، مىڭلارچە جانلىق ئۆلۈپ، يەنە مىڭلارچىسى ھاياتقا يېڭىدىن كۆز ئېچىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئەقلىمىز شۇنداق جەزم قىلىدۇكى، ھەرقانداق ھادىسىنىڭ بىرەر پەيدا قىلغۇچىسى ۋە ھەرقانداق بىر سەنئەتنىڭ بىرەر سەنئەتكارى بولغىنىدەك، ئالەمنىڭمۇ ياراتقۇچىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى بار. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالادۇر! چۈنكى ئۆزى يوق نەرسە بىرەر نەرسىنى بار قىلالمايدۇ! ﴿أَمْ خُلِقُواْ مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ ٱلْخَالِقُون ۝ أَمْ خَلَقُوا السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بَل لَا يُوقِنُونَ﴾ يەنى «ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ ياكى ئۇلار (ئۆزلىرى) ياراتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ»[1].

قۇياش، ئاي، زېمىن ۋە باشقا پلانېتلارنىڭ بەلگىلەنگەن سىستېما بويىچە ئىنتىزامچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشقانلىقى، كېچە بىلەن كۈندۈز ۋە پەسىللەرنىڭ بۇ تەرتىپلىك ھەرىكەتلەر ئارقىسىدا ئۆز ۋاقتىدا ئالمىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن ھەر

[1] تۇر سۈرىسى 35-36- ئايەتلەر.

قانداق ئادەم بۇ كائىناتنى باشقۇرۇپ ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئىلىم ـ ھېكمەتلىك ۋە كۈچ ـ قۇدرەتلىك بىر زاتنىڭ بارلىقىغا چوقۇم جەزم قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

«ئۆزىدە يوق نەرسىنى باشقىلارغا بەرگىلى بولمايدۇ» دەيدىغان ئەقلىي پرىنسىپ بويىچە ئېيتقاندىمۇ، ناۋادا ئاللاھ مەۋجۇت بولمىغان بولسا يۇقىرىقىلارنىڭ بار بولۇشى مۇمكىنمىدى؟ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟!

«سەنئەتكارسىز سەنئەت ۋە ئاپتورسىز ئەسەر ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ» دەيدىغان ئەقلىي قائىدە بويىچە ئېيتقاندىمۇ، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىل بولالامدۇ؟!

## ئاتېئىزم ئىنسان ئەقلىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىدىغان خۇراپاتتۇر

ئەقىل ــ ئىنساننىڭ ئويلاش، بىلىش، قارار قىلىش قۇدرىتى ۋە ئىقتىدارى دېگەنلىك بولۇپ، ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. ئىنسان ئەقلى بىلەن نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ باتىل، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى بىلىدۇ.

ئىنسان ئۆزىدىكى ئاشۇ قىممەتلىك ئەقىل يۈزىسىدىن بارچە مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغان.

ئەمما ئاتېئىزمچىلار ئۇلۇغ مەۋجۇدات سۈپىتىدە يارىتىلغان ئىنسانىنى باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش دەرىجىگە چۈشۈرمەكچى بولىدۇ. ئەقىلنىڭ قىممىتىنى كۆتۈرىدىغان ئىشلار ئىچىدە ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن كاتتا ئىش يوقتۇر. چۈنكى ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇغان ئەقىل ئەڭ جايىدا ئىشلىتىلگەن ۋە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان ئەقىلدۇر. ئەقىل ئاللاھ تائالاغا قۇللۇق قىلغان ۋاقتىدا ئۆزىنى ھۆرمەتلىگەن ۋە قىممىتىنى كۆتۈرگەن بولىدۇ. ئەكسىچە، ياراتقۇچىنى ئىنكار قىلغان ياكى قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، ئوت، كالا قاتارلىق نەرسىلەرگە چوقۇنغان ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ھۆرمىتىنى ۋە قىممىتىنى ھايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈرگەن بولىدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشتىن باشقىسى قەتئىي ياراشمايدۇ.

# ئەقىل ئاللاھ تائالاغا باشلايدۇ

ئىنسان ئەقلى بىلەن باشقا جانلىقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ ۋە ئەقلى بىلەن ئىمان ئېيتىدۇ. چۈنكى ئەقلى بولمىغانلار ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان ئەمەس. ئاللاھ تائالانى تونۇشتا ئەقىل نەقىلدىن ئاۋۋال كېلىدۇ. شۇڭا ئاتېئىزمچىلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشقاندا، ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلەردىن دەلىل كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارغا ئەقلىي دەلىللەرنى كەلتۈرۈش كېرەك.

كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز بارلىق شەيئىلەرنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئۇنىڭغا جاۋاب تاپماقچى بولغان ئادەم تۆۋەندىكى تۆت جاۋابتىن باشقىسىنى تاپالمايدۇ:

1. كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولغان، يەنى ماددىنىڭ زەررىلىرى (پارچىلىرى) ئەقىل، ئىدراك ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە. ئەنە شۇ ئەقىل ـ ئىدراكلىق زەررىلەر كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان دېيىش. بۇنداق جاۋاب ئەقىلگە ھەرگىزمۇ مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، چۈنكى، تاش، سۇ، ھاۋا، تۇپراق قاتارلىق ماددىلاردا ئەقىل، ئىدراك ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنىڭ

يوقلۇقى ھەممىگە مەلۇم. تارىختىن بېرى، ھېچبىر زامان ئۇلارنىڭ ئەقىل، ئىدراك ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە، شۇنداقلا يارىتىش قۇدرىتىگە ئىگە بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھېچقانداق ئەقىل، ئىدراك ياكى كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بولمىغان ماددىلارنىڭ كائىناتنى ئەمەس، ئۆزلىرىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جاۋاب ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن رەت قىلىنىدۇ.

2. كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنى تەبىئەت ياراتقان دېيىش. ئەگەر بىز بۇ جاۋابنى بەرگۈچىلەردىن تەبىئەت دېگەن نېمە دەپ سورايدىغان بولساق، ئۇلاردىن بەزىلەر: «تەبىئەت — كائىناتنىڭ مەنزىرىسىدۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، كائىنات بولمىسا تەبىئەتمۇ بولمايدۇ. چۈنكى بىر نەرسىنىڭ مەنزىرىسى شۇ نەرسە مەۋجۇت بولغاندىلا ئاندىن مەۋجۇت بولالايدۇ. ئۇنداقتا تەبىئەت بۇرۇن ئۆزى يوق تۇرۇپ، قانداقمۇ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنى ياراتالىدى؟ ئەگەر بىز تەبىئەتنى كائىناتتىن بۇرۇن بار ئىدى، دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ، تەبىئەت ئەقىل - ئىدراك ۋە كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بولمىغان بىر نەرسە تۇرۇپ، قانداقمۇ كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنى، جۈملىدىن ئەقىللىق ئىنسانلارنى ياراتالىسۇن؟! ئۇلاردىن بەزىلەر «تەبىئەت — كائىناتنىڭ ئۆزىدۇر» دېسە، بەزىلەر «تەبىئەت — يوشۇرۇن كۈچتۇر» دەيدۇ. بۇ يوشۇرۇن كۈچ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بولماي نېمە؟ ئۇلار بۇنى «تەبىئەت» دەپ چۈشەنسە، بىز ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى دەپ چۈشىنىمىز. دېمەك، كائىناتنى

تەبىئەت ياراتقان دەيدىغان بۇ جاۋابمۇ، بىرىنچى جاۋابتىن قېلىشمايدىغان بىمەنە جاۋابتۇر.

3.كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر تاسادىپىي يارىتىلىپ قالغان، يەنى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر، ئەسلىدە ئاتوم زەررىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە كېلىش ئارقىلىق بىر ـ بىرى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە كائىنات ۋۇجۇدقا كەلگەن دېيىش.

ئۇنداقتا، قۇياشنىڭ ماددىلىرى ئىسسىق ماددىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قۇياش دۇنياغا ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق بېرىدۇ. يەرشارى ۋە باشقا پلانېتالارنىڭ ماددىلىرىدا ئىسسىقلىق ماددىسى يوق ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. تاسادىپىي بولغان ئىشلارنىڭ پىلانسىز ۋە نىزامسىز ھالدا، ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا كېلىدىغانلىقىمۇ ئېنىق. قانداقلارچە، ئىسسىقلىق ماددىلىرى تاسادىپىي ھالدا ھەممىسى بىر يەرگە كېلىپ قۇياشقا ئايلىنىپ قالدى؟ يەرشارىدىن باشقا پلانېتالاردا سۇنىڭ يوقلۇقى ۋە ئۇ جايلاردا جانلىقلارنىڭ ياشىيالمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بولغان بىر ئىلمىي ھەقىقەت بولغان يەردە، سۇ قانداق بولۇپ باشقا پلانېتلاردا بولۇپ قالماستىن، تاسادىپىي جانلىقلار ياشايدىغان يەرشارىدىلا بولۇپ قالغان؟ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇدات ئىنتايىن ئىنچىكە نىزام ۋە مۇكەممەل قانۇن سىستېمىسى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. تاسادىپىي بولغان ئىشلار نىزامسىز ۋە پىلانسىز بولىدۇ. بۇ ھالدا، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشىدىكى نىزام ۋە قانۇن سىستېمىلار نەدىن كەلدى؟ تاسادىپىيلىق ئۆزىدە بولمىغان نىزام ۋە قانۇن سىستېمىلارنى كائىناتقا قانداقمۇ بېرەلەيدۇ؟

دېمەك، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالغان دېگەن جاۋاب ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى بولمىغان سەپسەتىدۇر.

4. كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنى ئاللاھ تائالا ياراتقان دېيىش.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل جاۋابنىڭ ھېچبىرى ئىلمىي ئاساسقا تايانمىغانلىقى ۋە ئەقىل، مەنتىققە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك رەت قىلىنغانلىقىدىن مەلۇم بولدىكى، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز بارلىق شەيئىلەر ئىلىم ـ ھېكمەتلىك ۋە چەكسىز قۇدرەتلىك، كامىل بىر زات تەرىپىدىن ئىنتايىن ئىنچىكە نىزام ۋە پۇختا پىلانلار بىلەن يارىتىلغانلىقى شەك قوبۇل قىلمايدىغان بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر. ئۇ زات بولسىمۇ، ئاللاھ تائالادۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز پۈتۈن شەيئىلەرنى ئۆزىنىڭ ياراتقانلىقىنى ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ فَٱعْبُدُوهُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ﴾ «(ئى ئىنسانلار!) ئەنە شۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان ئاللاھتۇر، ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار. ئۇ ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر»[1].

ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرى كائىنات ياكى ئۇنىڭدىكى شەيئىلەردىن بىرەرسىنى يوقتىن بار قىلغان بولسا ئىدى، ئۇ ئەلۋەتتە، ئۆزىنى ئېلان قىلغان ۋە ئۇنىڭ شۆھرىتى دۇنياغا

---

[1] ئەنئام سۈرىسى 102 ـ ئايەت.

تونۇلغان بولاتتى. مەسىلەن: توكنى ئىجاد قىلغان ئېدىسونمۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىجادىيىتىنى ئېلان قىلماي قالمىغان. خۇددى ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىي ئېيتقاندەك: «ئەگەر ئاللاھ تائالادىن باشقا قۇياشنى ياكى ئاينى ۋەياكى بىرەر جانلىقنى ياراتقان بىرسى بولسا ئىدى، ئۇ ئەلۋەتتە ئۆزىنى ئېلان قىلماي قالمايتتى. چۈنكى ھەرقانداق ئىجادكار ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىنى ۋە ئۆزىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشنى خالايدۇ». بۇ ئەھۋال شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى يېگانە ئاللاھ تائالادۇر! ئاللاھ تائالادىن باشقا ياراتقۇچى يوقلۇقى مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر!

# ئەقلىنىڭ رولى

ئىنساندىكى ئورگانلارنىڭ ھېچبىرى بىكارغا يارىتىلغان ئەمەس. ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ يېتەكچىسى بولغان ئەقلىنى ئالايلۇق: ئەقلىنىڭ ۋەزىپىسى تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئىنسان ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئەتراپىدىكى شەيئىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىزدەنمەيدىكەن، ئۇ، ئەقلىنىڭ ۋەزىپىسىنى جارى قىلدۇرمىغان، ھەتتا ئاستا – ئاستا ئەقلىنىڭ رولىنى تامامەن يوقاتقان بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئەقلىي بىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان دىن بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋىتى پەقەت ئەقىللەرگە خىتاب قىلىدۇ. كىشىلەرنى پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىزدىنىشكە چاقىرىدۇ، كىشىلەرنىڭ قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئەقىل ئىشلىتىپ ئويلاپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ ھەقىقەتنى تېپىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، «قۇرئان كەرىم»دە، ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۆپ ساۋاب بېرىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ﴿قُلِ ٱنظُرُواْ مَاذَا فِى ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلْأَرْضِ﴾ «ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردا

ۋە زېمىنــدا نېمىلەرنىــڭ بارلىقىنــى كۆزىتىــڭلار»[1] دېگــەن. بـۇ ئايەتتىكـى كۆزىتىشـتىن مەقسـەت، ئاللاھ تائالانىــڭ قۇدرىتىگـە ۋە گـۈزەل سـەنئەتلىرىگە دالالـەت قىلىدىغـان كائىناتتىكـى ئالامەتلىرىگـە قـاراپ پىكىـر يۈرگـۈزۈش ئارقىلىـق ئاللاھ تائالانـى تونۇشـتىن ئىبـارەت. بـۇ ئايەتتىكـى «كۆزىتىـڭلار» دېگـەن بۇيـرۇق خـۇددى نامـاز ئوقـۇڭلار، زاكات بېرىـڭلار، روزا تۇتـۇڭلار دېگەنگـە ئوخشاشـلا پەرزنـى ئىپادىلەيـدۇ. دېمـەك، تەپەككـۇر قىلىـش پـەرزدۇر. چۈنكـى «قۇرئـان كەرىـم»دە كەلگـەن بۇيرۇقلار پەرزنــى ئىپادىلەيـدۇ.

ھەربىـر ئادەمنىـڭ ئۆزىدىـن: «مـەن نەدىـن كەلدىـم؟»، «نېمە ئۈچـۈن كەلدىـم؟» ۋە «نەگـە بارىمـەن؟» دېگـەن سـوئاللارنى سـوراپ، ئۇنىڭغـا جـاۋاپ تېپىـش ئۈچـۈن پىكىـر يۈرگـۈزۈش ۋە ئىزدىنىـش ۋەزىپىسـى بـار. چۈنكـى ھەرقانـداق چـوڭ جاھالـەت كەچۈرۈم قىلىنىشـى مۇمكىـن، ئەمما ئادەمنىـڭ ئـۆز ۋۇجۇدىنىـڭ سـىرىنى، ھاياتىنىـڭ غايىسـىنى ۋە ھاياتلىقتىكـى ۋەزىپىسـىنى بىلمەسلىكى قەتئىـي كەچۈرۈم قىلىنمايدىغـان ئـەڭ چـوڭ جاھالەتتـۇر.

ئەقىـل ۋە ئىرادىگـە ئىگـە بولغـان ئىنسانىنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ سـوئالدىن غاپىـل ھالـدا، باشـقا جانلىقلارغـا ئوخشـاش يېيىـش ۋە ئىچىـش ۋە سـاپا سـۈرۈش بىلەنـلا ئۆمـۈر ئۆتكۈزۈشـى تولىمـۇ نومـۇس ئىشـتۇر. بـۇ ئـۈچ سـوئال ئىنسـانلار يارىتىلغانـدىـن بۇيـان ئۇلار بىلـەن بىرگـە ھەمـراھ بولـۇپ كەلگـەن ۋە ئۇلاردىـن داۋاملىق جـاۋاب تەلـەب قىلىدىغـان ئەبەدىـي سـوئاللاردۇر. بـۇ سـوئاللارغا

[1] يۇنۇس سۈرىسى 101 ـ ئايەت.

شەرق ۋە غەربنىڭ پەيلاسوپلىرى ھەر خىل جاۋابلارنى بېرىپ باققان. ئەمما مۇسۇلمانلاردا بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئېنىقتۇر. ئۇ بولسىمۇ، مېنى ئاللاھ تائالا ياراتتى، ھاياتلىقتىكى ۋەزىپەم ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا بەندىچىلىك قىلىش، باردىغان يېرىم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدۇر.

فرانسىيەلىك پەيلاسوپ دېكارت ئۆزىنىڭ شەك مەزھىپىنى پەيدا قىلغاندىن باشلاپ، ئۇ ھەر نەرسە ئۈستىدە شەك قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ شەك ئاخىر ئۆزىگە بېرىپ يەتكەندە، ئۆزىنىڭ بارلىقىغا شەك قىلالمايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئويلاپ پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ بار ئىكەنلىكىدە شەك قالمىدى، ئۇنداقتا مېنى كىم ياراتتى؟ ناۋادا مېنى بۇ تەبىئەت ياراتقان بولسا، نېمە ئۈچۈن مەندە بولغان ئەقىل ـ ئىدراك ۋە قابىلىيەت تەبىئەتتە بولمايدۇ؟ تەبىئەت ئۆزىدە بولمىغان ئەقىل ـ ئىدراكنى ۋە قابىلىيەتنى ماڭا قانداق بېرەلىسۇن؟!».

﴿وَٱللَّهُ أَخْرَجَكُم مِّنۢ بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمْ لَا تَعْلَمُونَ شَيْـًٔا وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلسَّمْعَ وَٱلْأَبْصَٰرَ وَٱلْأَفْـِٔدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

« ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەرگە قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى»[1].

ئاللاھ تائالا تەپەككۇر قىلمىغانلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

---

[1] نەھل سۈرىسى 78 ـ ئايەت.

﴿أَفَلَمْ يَسِيرُواْ فِى ٱلْأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَآ أَوْ آذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا فَإِنَّهَا لاَ تَعْمَى ٱلْأَبْصَارُ وَلَـٰكِن تَعْمَىٰ ٱلْقُلُوبُ ٱلَّتِى فِى ٱلصُّدُورِ﴾ «ئۇلار يەر يۈزىدە سەيىر قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەت شۇكى، كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، بەلكى كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر (ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن) كور بولىدۇ»[1]. ﴿إِنَّ ٱلسَّمْعَ وَٱلْبَصَرَ وَٱلْفُؤَادَ كُلُّ أُولَـٰئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْؤُولاً﴾ «شەكسىزكى، قۇلاق، كۆز، دىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سوراققا تارتىلىدۇ»[2].

شەكسىزكى، قۇلاق، كۆز، قەلب قاتارلىق سەزگۈ ئەزالارنىڭ ئىنسان ئۈچۈن قىلىدىغان خىزمەتلىرى كۆپ ۋە بۇ ئەزالارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ئېغىردۇر. ئىنسان قۇلىقى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئاڭلايدۇ. كۆزى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرىنى، ئۇنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى نامايان قىلىدىغان تۈرلۈك ئالامەتلەرنى كۆرىدۇ. قەلبى بىلەن، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ھەقىقەتلەرگە ئىشىنىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ ئەزانى ئىشلىتىش پەقەت ئەقلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ. ئەقىل ئۆز يولىدا ئىشلىتىلگەندىلا، يۇقىرىقى ئۈچ ئەزامۇ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلالايدۇ.

---

[1] ھەج سۈرىسى 46 ـ ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى 36 ـ ئايەت.

# ئەقىل ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ قورالى

ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ۋاستىسى بولغان ئەقىل «قۇرئان كەرىم»دە 49 ئورۇندا، ﴿أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾ «ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» دېگەن ئايەت 13 ئورۇندا كەلگەن. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان كائىناتتىكى تۈرلۈك ئالامەتلەر بايان قىلىنغان كۆپلىگەن ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىنى ﴿إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَعْقِلُونَ﴾ «ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئىبرەتلەر بار»، ﴿أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾ «ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟»، ﴿فَاعْتَبِرُوا يَا أُولِي الْأَبْصَارِ﴾ «ئىبرەت ئېلىڭلار ئى ئەقىل ئىگىلىرى!» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەر بىلەن تۈگەتكەن. ئەقلىنى ئىشلىتىشكە چاقىرغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ. ئەقىل ئىشلەتسۇن دەپ بېرىلگەن نېمەت بولۇپ، ئۇنى ئىشلەتكەنلەر ئۆزىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى توغرا شەكىلدە يولغا قويالايدۇ. ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغانلار ھايۋانلار قاتارىدىن سانالغان. ﴿إِنَّ شَرَّ الدَّوَابِّ عِنْدَ اللَّهِ الصُّمُّ الْبُكْمُ الَّذِينَ لَا يَعْقِلُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە جانلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان گاس ـ گاچىلاردۇر»[1].

---

[1] ئەنفال سۈرىسى 22 - ئايەت.

ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئۇنى ئاللاھ تائالاغا باشلايدۇ. ئىنساندىكى بۇ خىل تەبىئەت ياكى قابىلىيەت يالغۇز ۋىجدان ئەمەس ياكى يالغۇز ئەقىللا ئەمەس، بەلكى ئۇ ۋىجدان بىلەن ئەقىلنىڭ بىرىكىشىدۇر. ئەقىل يالغۇز ئۆزىلا ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشنى تەبىئىي زۆرۈرىيەت دەپ بىلىدۇ. ئىنسان ئەقلى شۇنداقكى، ئۇ ھېچ ئوقۇماستىن ياكى ئۆگەنمەستىن ئەڭ ئاۋۋال سەۋەبلەر قانۇنىغا (يەنى ھېچ نەرسىنىڭ سەۋەبسىز ۋۇجۇدقا كەلمەيدىغانلىقىغا ۋە ھەرقانداق بىر سەنئەتنىڭ بىرەر سەنئەتكارنىڭ مېھنىتى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغانلىقىغا) ئىشىنىدۇ. سەۋەبسىز بىرەر شەيئىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ئىشەنمەيدۇ. ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتتىن يىراق ياشىغان سەھرالىق بىر ئادەم ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق سورالغىنىدا، سەۋەبلەر قانۇنىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ تۇغما قابىلىيىتى بىلەن مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن: «قۇملۇقتىكى تۆگە ئىزى بۇ جايدىن تۆگىنىڭ ئۆتكەنلىكىگە، ئۇلاق ئىزلىرى بۇ جايدىن كارۋانلارنىڭ ئۆتكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. يۇلتۇزلار بىلەن قاپلانغان ئاسمان، قىتئەلەر ۋە تۈرلۈك يوللار بىلەن كېڭەيگەن زېمىن ۋە دولقۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېڭىزلار ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھقا قانداقمۇ دالالەت قىلمىسۇن!؟».

بەزى ئۆلىمالار «ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇمىغان ئادەم ئەقىلسىز ئادەمدۇر. ناۋادا ئۇ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك دىپلومغا ئېرىشكەن بىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىلمىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى زاكاۋەت دېيىلىدۇ، ئەقىل دېيىلمەيدۇ. چۈنكى كائىناتتىكى ئەڭ چوڭ ھەقىقەتتىن، يارىتىلىشنىڭ غايىسىدىن ۋە ئاخىرەتتىن غەپلەتتە ھايات كەچۈرگەن ئىنساننى ھەرگىزمۇ ئەقىللىق دېگىلى

بولمايدۇ» دېگەن.

*«ئىنسىدىن كور تۇغۇلغان ئادەم يورۇقلۇقنى بىلمىگەنگە ئوخشاش، قاراڭغۇلۇقنىمۇ بىلمەيدۇ. بىلىمسىز ئادەم ئۆزى نادان بولغانلىقى ئۈچۈن جاھالەتنى بىلمەيدۇ. يوقسۇللىنىڭ بايلىقى بولمىغاچقا، ئىسراپچىلىقنى بىلمەيدۇ. ھالبۇكى، بىز ئىنسانلاردا ئەزەلدىن ۋە مەڭگۈگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر زات ھەققىدىكى چۈشەنچە بار. ئەگەر ئۇ زات بولمىغان بولسا ئىدى، بىزدە بۇنداق چۈشەنچىمۇ بولمىغان بولاتتى. مەلۇمكى، بىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىز ۋە ئويلىغىنىمىز باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى ئۇ دەل ئاللاھتۇر».*

*—— كانت*

**ئەقىلنىڭ چەك ــ چېگراسى**

گەرچە ئەقىل ئۆزى يالغۇزلا قۇدرەتلىك بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى بىلىشكە، ئۇنى تونۇشقا ۋە ئۆزىنىڭ پايدا ــ زىيىنىنى بىلىشكە قادىر بولسىمۇ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ــ سۈپەتلىرىنى، دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ بىرەر مەنبەگە موھتاج بولىدۇ، دىنىي مەسىلىلەردە ئەقىل ئۆزى مەنبە بولالمايدۇ. چۈنكى دىنىنىڭ مەنبەسى نەقىلدۇر. بۇنىڭدا نەقىل ئاساس، ئەقىل ياردەمچىدۇر. شۇڭا كۆز كۆرۈش ئۈچۈن يورۇقلۇققا موھتاج بولغاندەك، ئەقىل ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ــ سۈپەتلىرىنى ۋە دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىش ئۈچۈن نەقىلگە موھتاجدۇر. بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك نەقىل «قۇرئان كەرىم» بىلەن سەھىھ ھەدىستۇر.

# تاسادىپىيلىق

## دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشىدا تاسادىپىلىقنىڭ تەسىرى بارمۇ؟

قۇياشتىن ئايرىلغان يەرشارى ئىسىملىك بۇ كىچىك يۇلتۇز ئەڭ مۇۋاپىق بىر ئورۇنغا يەرلەشكەندۇر. بۇ يۇلتۇز بىلەن قۇياشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپە ئەڭ ھېكمەتلىك ھالدا بەلگىلەنگەن ۋە ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئورنىغا (ياكى ئوقىغا) ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قۇياشقا ئازراق يېقىنلاشقان بولسا، ئۇنىڭدىكى بارلىق كائىنات كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى، بۇنىڭ ئەكسىچە، قۇياشتىن ئازراق ئۇزاقلاشقان بولسا، ئۇنىڭدىكى بارلىق كائىنات مۇزلاپ تۈگىشەتتى. ئەمما يەرشارى بىلەن قۇياش ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مۇساپىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلغان بولسا، مەۋسۇملەر ۋە كېچە ـ كۈندۈزلەرمۇ بولمىغان بولاتتى.

يەرشارىنىڭ ھازىرقى ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئۇنىڭ بىر ئورۇنغا بېكىتىلگەن، مىدىرلىماس توپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. بەلكى ئۇ سېكۇنتىغا 30 كىلومېتىر تېزلىكتە قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان ۋە قۇياش بىلەن بىرگە 20 كىلومېتىر تېزلىكتە ھەرىكەتلىنىدىغان بىر سەييارىدۇر. ئۇ مۇشۇنداق ئايلىنىشى بىلەن ھەم تېزلىكىنى يوقاتمايدۇ ھەم

قۇياش بىلەن بولغان مۇساپىسىنى بۇزمايدۇ. بىرلا يەرشارى ئەمەس، بەلكى باشقا مىڭلارچە پلانېتالار ۋە مىليونلارچە يۇلتۇزلارمۇ شۇنداق ئىنتىزاملىق ھالدا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىنتىزام ۋە مۇساپە جەھەتتىكى سىستېمىنى بۇزماستىن تەكشى ھەرىكەت قىلىشى بۇ ئىشلارنىڭ ئارقىسىدا تاسادىپىيلىقنىڭ ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

دۇنياغا كۆز ئاچقان ھەربىر بوۋاق ئۆزىنىڭ ئاۋازى، بارماقلىرىنىڭ ئىزلىرى، سىماسى ، سۆزلەش ئۇسۇلى... ۋەھاكازابىر قانچە جەھەتتىن يەنە بىرسىدىن پەرقلىق بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىرخىل پىلاندا يارىتىلىشى تاسادىپىيلىقنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

پىروفېسسور جاك كۇيس يارىتىلىشتا تاسا_دىپىيلىقنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر يەر يۈزىدە ھاياتلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئېھتىمال ھېسابلارغا باغلايدىغان بولساق، بىزنىڭ مەۋجۇت بولۇشىمىزنىڭ قەتئىي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز».

ئامېرىكالىق پىروفېسسور مېخائىل ھارت ئېھتىمال ھېسابى بىلەن بىرەر جانلىقنىڭ بارلىققا كەلمەيدىغانلىقىنى ئىلمىي ئۇسۇللار بىلەن ئىسپاتلىغان ۋە تاسادىپىيلىق يولى بىلەن ئەقىل ئىگىسى بولغان ئىنسانىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى قايتا دەلىللىگەن.

يۇقىرىقى ئىككى ئالىم شۇنداق بىر ئوچۇقلاش بىلەن

سۆزىنى «ئىلىم ـ ۋەقەلىكلەرنىڭ ‹نېمە ئۈچۈن› لىرى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ‹قانداق› ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىزدىنىش دېمەكتۇر» دېگەن جۈملە بىلەن تاماملىغان. بىز بىلىم ئادەملىرىمىز. ئەڭ كىچىك مەۋجۇداتتىن ئەڭ چوڭغىچە ـ ئاتومدىن يۇلتۇزلارغىچە سوزۇلغان پۈتۈن كائىنات ئەڭ مۇكەممەل بىر نىزام، ئادەتتىن تاشقىرى بىر سىستېما بىلەن تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كائىناتنىڭ ئەقىلنى لال قىلىدىغان دەرىجىدىكى ئىلمىي ھەقىقەتلىرى كۈنسېرى ئاشماقتا.

«قولىڭىزدىكى تەڭگە پۇلنى بىر مىليون قېتىم ھاۋاغا ئاتسىڭىز ۋە بۇ پۇل ھەر قېتىمدا ئەينى يۈزى بىلەن چۈشسە، شۇ ۋاقىتتا تاسادىپىيلىققا ئىمكانىيەت بار دېمەكتۇر» دېگەن تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئىلىمنىڭ تاسادىپىيلىقنى قەتئىي قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئوچۇقلايدۇ.

ئادەتتە، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە يۇقىرى مەلۇماتلىق ئىنژېنېرلار ئىشلىرىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلاپ چىقىپ، ئاندىن پىلانلايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھېسابلىرىدا ۋە پىلانلىرىدا بەزى خاتالىقلار يۈز بېرىدۇ. «پېتېرنىڭ پىرىنسىپى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى رايموندھول مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىر كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئانا يول كۆۋرۈكنىڭ بىر ئاندىلا يىقىلىپ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. چۈنكى بۇ كۆۋرۈكنىڭ پىلانى قانچە قېتىم قايتىلاپ تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىچىككىنە بىر يېرىدە پىلان خاتالىقى يۈز بەرگەن ئىدى. يەنە بىر ئىنگلىز ئېنېرگىيە مەركىزىدىكى چوڭ تىپتىكى ئۈچ سوغۇتۇش ماشىنىسى بىر ئاندىلا يىقىلىپ تۈگەشتى. بۇلارنىڭ ھەربىرى بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا

ياسالغان ئىدى. ئەمما بۇلار كۈچلۈك بىر شامالغا بەرداشلىق بېرەلمىدى».

يۇقىرىقى مىساللاردا كۆرگىنىمىزدەك، ھېساب ۋە پىلاندىكى كىچىككىنە خاتالىق چوڭ پالاكەتلەرگە يول ئاچقان يەردە، ھەربىر پارچىسى ئەڭ مۇكەممەل ئۆلچەم، ئەڭ مۇكەممەل نىزام ۋە ئەڭ مۇكەممەل تەڭپۇڭلۇقى بىلەن يارىتىلغان مۇشۇ كاتتا كائىنات بىرەر تاسادىپىيلىقنىڭ نەتىجىسىمۇ؟ قېنى ئويلاپ بېقىڭ؟!

# تەبىئەت

ئاللاھ تائالانى ئېتىراپ قىلىشتىن قاچىدىغانلار تەبىئەتكە سىغىنىدۇ. بۇلارنىڭ سەپسەتىسى خۇددى پادىشاھقا ئاسىيلىق قىلىپ جاللاتتىن مەدەت تىلىگەن ئىسيانكارنىڭ سەپسەتىسىگە ئوخشايدىغان مەنتىقسىز سەپسەتىدۇر.

تەبىئەتمۇ ئاللاھ ياراتقان مەۋجۇداتلار قاتارىدىكى بىر ئەسەر ياكى سەنئەتتۇر. سەنئەتكارنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن سەنئەتنى سەنئەتكار دەۋېلىش ئىزاھىنىڭ ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن قاچقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

قۇياش، سۇ، ئوت، يۇلتۇز قاتارلىقلارغا چوقۇنغۇچىلارمۇ مەۋجۇداتلارنىڭ يارىتىلىش قىسسىسىنى مەزكۇر مەبۇدلىرىغا مەنسۇپ قىلىشتا تەبىئەتكە چوقۇنغۇچىلار بىلەن ئوخشاش ئەقىدىدە ئورتاق ئەمەسمۇ؟

دېمەك، ناتۇرالىزم (تەبىئەتپەرەسلىك) بۇتپەرەسلىكنىڭ زامانىۋىلاشقان يېڭى نامىدۇر. ئىنكار ماۋزۇسىدا يېڭىلىق يوق. ئاتالغۇلار ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، بۇتپەرەسلەرنىڭ مەنتىق ئۆلچىمى ئۆزگەرگىنى يوق.

ئاتېئىزمچىلارنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە دەيدىغان ئورتاق سۆزى «يوق»تىن ئىبارەتتۇر. «يوق» ئۇلارنىڭ ئۇنۋانىدۇر.

«يوق»لار بىلەن بىرەر شەيئى ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ. مىڭ «يوق» بىر «بار»نى يوق ئېتەلمەيدۇ. ئەمما بىر «بار» مىڭلارچە يوقلارنى پەيدا قىلالايدۇ. مەنتىقنىڭ ئاساسلىق قانۇنىيەتلىرىنىڭ سايىسىدا ئەقىل شۇنداق ھۆكۈم قىلىدۇكى، دۇنيادا ھەرقانداق بىر سەنئەتنىڭ بىرەر سەنئەتكارى بار، ھېچقانداق سەنئەت ئۆزىنى ئۆزى يارىتالمايدۇ. ئەسەر ئاپتورىنى، رەسىم رەسسامىنى، ئۇستەل ياغاچچىسىنى يارىتالمايدۇ. ئەكسىچە، بۇلار ئۆز ئىجادكارلىرىنى نامايان قىلىدۇ.

كائىناتتىكى ھەربىر مەۋجۇدات مۇكەممەل بىر سەنئەتتۇر. بۇ سەنئەتلەر ئىنسان تاقىتىدىن يۇقىرى بولغان چەكسىز ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە قۇدرەت بىلەن يارىتىلغان. بۇ سەنئەتلەر ئۆزلىرىدىكى مۇكەممەللىك، ئىنتىزامچانلىق ۋە گۈزەللىكلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سەنئەتكارىنى ھەر ۋاقىت نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

كائىنات ــ دۇنيادا بار بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەۋجۇداتلار دېمەكتۇر. تەبىئەت ــ مەۋجۇداتلارنىڭ تەبىئىي كۆرۈنۈشى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، كائىناتنىڭ ئىككىنچى ئىسمىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، «كائىناتنى تەبىئەت ياراتقان» دېيىش بىلەن «كائىنات ئۆزىنى ئۆزى ياراتقان» دېيىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر. ﴿أَمْ خُلِقُواْ مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ ٱلْخَالِقُونَ ۝ أَمْ خَلَقُوا السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بَلْ لَا يُوقِنُونَ﴾ يەنى «ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ياراتقۇچىلارمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟

بەلكى ئۇلار (ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ»[1].

تۇپراقتا كۆمۈلگەن ئۇرۇقچە تۇپراق، ھاۋا، سۇ ۋە ئوغۇتتىن ئىبارەت تۆت ماددا بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇماددىلارنىڭ ھەممىسى ئەقىل ــ ئىدراكتىن مەھرۇم، بىلمەيدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ئاڭلىمايدىغان، ئۇرۇقنى تونۇمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۆزلىرىنىمۇ تونۇمايدىغان جانسىز ۋە ئاجىز ماددىلاردۇر. ئۇرۇقمۇ ئەقىل ــ ئىدراكسىزلىق ۋە باشقا سۈپەتلەردە بۇلار بىلەن ئوخشاشتۇر. ئەمما بۇ ئۇرۇقتىن ئۈنۈپ، يېتىشىپ چىقىدىغان ئۆسۈملۈكلەر كۆزنى قاماشتۇرىدىغان، ئەقىلنى ھەيرانلىقتا قالدۇرىدىغان ئەڭ مۇكەممەل ۋە گۈزەل بىر سەنئەتتۇر. ئۆسۈملۈكلەر ــ زىرائەتلەر، مېۋىلەر ۋە ئوتياشلار يۇقىرىقى تۆت خىل ماددىنىڭ ئۆزىدە بولمىغان شەكىل، ھەجىم، تەم، رەڭ ۋە پۇراقلىرى بىلەن يارىتىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بۇلارنىڭ ھېچبىرى يەنە بىرىگە ئوخشىمايدىغان، نۇقسانسىز يېتىشىپ چىقىدۇ. ئەگەر «شەيئىلەرنى تەبىئەت ياراتقان» دېگەن دەۋا راست بولىدىغان بولسا، ئەقىل ئىدراكسىز ۋە ئىلىم ـ ھېكمەتسىز تەبىئەت بۇلارنى قانداق مەيدانغا چىقىرالىدى؟ تەبىئەتپەرەسلەر بۇنى قانداق چۈشەندۈرەلەيدىكىن تاڭ؟!

كائىناتتىكى ھەربىر مەۋجۇدات ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ گۈزەل شەكىلدە يارىتىلغان. بىز ئىنسانلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇلارغا دىققەت قىلىپ قويمايمىز. ئويلايمىزكى، ھەر نەرسىنىڭ بۇنداق مۇكەممەل شەكىلدە يارىتىلىشى ھېچقانداق ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، بەلكى بۇ شۇنداق تەبىئي قانۇنىيەت. ئەمما

---

[1] تۇر سۈرىسى 35 ـ 36 ـ ئايەتلەر.

بەزى ۋاقىتلاردا، ئەھۋال بىز كۈتكەندەك بولماي قالسا، بىز ئۇنى ئاجايىپ ئەھۋال دەپ سانىۋېلىپ ئەجەبلىنىپ كېتىمىز. مەسىلەن: ئىككى باشلىق بىر بوۋاق دۇنياغا كەلسە، تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژۇرناللار ۋە باشقا تاراتقۇ ۋاستىلىرى بارچە دىققىتىنى بۇ مەسىلىگە بېغىشلايدۇ. تېببىي مۇتەخەسسىسلەر بۇ ھادىسە ھەققىدە پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلىشىدۇ، ئادەملەر بۇ كەمتۈك تۇغۇلغان بوۋاققا ھەيرانلىق بىلەن قارايدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرىنىڭ قورساقلىرىدا قانچىلىغان كۆپ ۋە مۇرەككەپ ئىشلەملەرنىڭ نەتىجىسىدە بۇنداق ساغلام ۋە بېجىرىم تۇغۇلغانلىقلىرىنى كۆرمەيدۇ ۋە ئويلىمايدۇ. ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىك بىرەر ئىش بولىدىغان بولسا، ئۇ دەل مىليونلىغان يىللار مابەينىدە بۇ مۇكەممەل قانۇنىيەتنىڭ قانداق داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىدۇر.

# ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم –سۈپەتلىرى

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ يەككە ـ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئۆزىنى ئەڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئەڭ ئېسىل سۈپەتلىرى بىلەن تونۇشتۇرغان. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلغان ئىسىم ـ سۈپەتلەردۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى فَادْعُوهُ بِهَا﴾ «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، شۇڭا، سىلەر ئاللاھنى شۇ ئىسىملار بىلەن چاقىرىڭلار»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ 99 ئىسمى بار، كىمكى ئۇلارنى سانىسا جەننەتكە كىرىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

## ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرى 99 بىلەن چەكلىنىپ قالامدۇ؟

ئۆلىمالار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ 99 بىلەن چەكلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى ئىبنى مەسئۇد

---

[1] ئەئراف سۈرىسى 180 ـ ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر سەھىھ ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دەپ دۇئا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان: «أَسْأَلُكَ بِكُلِّ اسْمٍ هُوَ لَكَ، سَمَّيْتَ بِهِ نَفْسَكَ، أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِي كِتَابِكَ، أَوْ عَلَّمْتَهُ أَحَداً مِنْ خَلْقِكَ، أَوِ اسْتَأْثَرْتَ بِهِ فِي عِلْمِ الْغَيْبِ عِنْدَكَ، أَنْ تَجْعَلَ الْقُرْآنَ رَبِيعَ قَلْبِي وَنُورَ صَدْرِي وَجَلاَءَ حُزْنِي وَذَهَابَ هَمِّي» «ئى ئاللاھ! ئۆزۈڭ شۇنداق ئاتىغان ياكى كىتابىڭ ئارقىلىق چۈشۈرگەن ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە بىلدۈرگەن ياكى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي، ئۆز دەرگاھىڭدىكى غەيبلەر قاتارىدا ساقلىغان بارچە ئىسىملىرىڭنى ۋاستە قىلىپ سەندىن قۇرئاننى كۆڭلۈمنىڭ باھارى، قەلبىمنىڭ نۇرى، قايغۇلىرىمنى يوق قىلغۇچى ۋە ئەندىشىلىرىمنى كەتكۈزگۈچى قىلىشىڭنى تىلەيمەن»[1]. يەنە قىيامەت كۈنىدىكى شاپائەت توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاندىن ئاللاھ ماڭا ئىلھام قىلىپ، ئىلگىرى ھېچقانداق بەندىگە بىلدۈرمىگەن مەدھىيەلەرنى ۋە ئەڭ ياخشى ھەمدۇسانانى ئۆگىتىدۇ»[2] دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ ھەدىسلەردىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا بەزى ئىسىملار بىلەن ئۆزىنى ئاتىغان، بەزى ئىسىملىرىنى «قۇرئان كەرىم»دە نازىل قىلغان بولۇپ، بەزى ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى 81 دەپ قارىغان. ئاللاھ تائالا يەنە بەزى ئىسىملىرىنى پەيغەمبەرلىرىگىلا ياكى پەرىشتىلىرىگىلا بىلدۈرگەن، يەنە نۇرغۇن ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى بەندىلىرىگە بىلدۈرمەي ئۆز دەرگاھىدا ساقلىغان. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل ۋە تەڭداشسىز ئىلاھتۇر. بارچە گۈزەللىك ۋە ئېسىللىك، جىمى ئۇلۇغلۇق،

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] «سەھىھۇلبۇخارىي» 7410 - ھەدىس، «سەھىھ مۇسلىم» 193 - ھەدىس.

بارلىق كۈچ ـ قۇدرەت ۋە چەكسىز ئىلىم ـ ھېكمەت ئۇنىڭغا خاستۇر. ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىسىملىرىنى ۋە گۈزەل سۈپەتلىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالاھىدە بايان قىلغان مەزكۇر 99 ئىسىم ـ سۈپەتنىڭ مۇئەييەن خۇسۇسىيەتلىرى بار بولۇپ، شۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى شۇكى، خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك ئۇلارنى سانىغان ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ»[1].

يۇقىرىقىلاردىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىدۇ:

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى كۆپتۇر. ﴿قُلْ لَوْ كَانَ الْبَحْرُ مِدَادًا لِكَلِمَاتِ رَبِّي لَنَفِدَ الْبَحْرُ قَبْلَ أَنْ تَنْفَدَ كَلِمَاتُ رَبِّي وَلَوْ جِئْنَا بِمِثْلِهِ مَدَدًا﴾ ئېيتقىنكى، «رەببىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن، ئەگەر دېڭىز (سۈيى) سىياھ بولغان، بىز يەنە شۇنچىلىك دېڭىز سۈيىنى سىياھ قىلىپ كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، رەببىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، دېڭىز (سۈيى) چوقۇم تۈگەپ كەتكەن بولاتتى»[2]، ﴿وَلَوْ أَنَّمَا فِي الْأَرْضِ مِنْ شَجَرَةٍ أَقْلَامٌ وَالْبَحْرُ يَمُدُّهُ مِنْ بَعْدِهِ سَبْعَةُ أَبْحُرٍ مَا نَفِدَتْ كَلِمَاتُ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ «(ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن )ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز ـ ئوكيان (سىياھ بولغان)، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز ـ ئوكيان قوشۇلغان تەقدىردىمۇ (قەلەملەر سۇنۇپ، سىياھلار قۇرۇپ تۈگەيدۇ) ئاللاھنىڭ سۆزلىرى ھەرگىز تۈگىمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر،

---

[1] ئەللامە سەلمان ئەۋدەنىڭ «مع الله الاسم الأعظم وقضية أسماء الله الحسنى» ناملىق ئەسىرى،34 - 35 - بەتلەر.

[2] كەھف سۈرىسى 109 - ئايەت.

ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[1]. بۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئايەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىلىم ـ ھېكمىتىگە، قۇدرىتىگە ۋە چەكسىز رەھىم ـ شەپقىتىگە دالالەت قىلىدىغان سۆزلەرنى ۋە ئاللاھ تائالاغا ئېيتىلىدىغان مەدھىيەلەرنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى قۇرئان ۋە ھەدىس دەلىللىرى بىلەن بېكىتىلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانى ئاشۇ ئىسىم ـ سۈپەتلەر بىلەن ئاتاش ۋە دۇئا قىلغاندا شۇلارنى ۋەسىلە قىلىش لازىم. ھېچكىمنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئۆزى خالىغانچە ئىسىم ـ سۈپەت بەلگىلەش ۋە ئاللاھ تائالانى ئۆزى خالىغانچە ئاتاش ھەققى يوقتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ «اللَّهَ»، «الرَّحْمَـٰنِ» دېگەن ئىسىملىرى بىلەن باشقىلارنى ئاتاشقا بولمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىسىملىرى بىلەن ئىسىم قويماقچى بولغانلار ئالدىغا «ئابدۇ» دېگەن سۆزنى قوشۇپ، «ئابدۇللاھ»، «ئابدۇرراھمان» دېگەنگە ئوخشاش قويۇشى كېرەك.

[1] لوقمان سۈرىسى 27 - ئايەت.

# ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنى بىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى بىلىش ئاللاھ تائالانى بىلگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ئاللاھ تائالانى تونۇش ۋە بىلىشنىڭ يوللىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى «سەنئەت ـ سەنئەتكارنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى ۋە ماھارىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دەيدىغان ئەقلىي قائىدە بار. بىز بۇ قائىدىنى تەتبىقلاپ كۆرگىنىمىزدە، تۆۋەندىكىلەرنى بىلەلەيمىز:

سەنئەتتىكى ئۇيۇمچانلىق سەنئەتكارنىڭ ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنى، سەنئەتتىكى گۈزەللىك سەنئەتكارنىڭ گۈزەللىكلەرنى يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى، سەنئەتتىكى ئۆزگىچىلىك سەنئەتكارنىڭ خالىغىنىنى قىلىشقا يېتەرلىك ئىرادە، ئىلىم ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋەھاكازالار...

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە شەيئىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى بولغان زات ـ ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى، ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلگۈچى، خالىغاننى ياراتقۇچى، ھەممىنى پەرۋىش قىلغۇچى... ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

مەسىلەن: بىر ئاپتوموبىل توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئاپتوموبىلنىڭ قۇرۇلمىسى ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ئاپتوموبىلغا يېتەرلىك ماتېرىيالغا ۋە ئۇنى مۇناسىپ شەكىلدە قۇراشتۇرۇپ ئاپتوموبىل قىلىدىغان ھۈنەرگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتوموبىلنىڭ ئەينەكلىرى، ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ئاپتوموبىلغا يېتەرلىك ئەينەكلەرگە ۋە ئەينەكلەرنى ئاپتوموبىلنىڭ مودىلىغا مۇناسىپ شەكىلدە كېسەلەيدىغان ھۈنەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتوموبىلدىكى پۈتۈن زاپچاسلار، ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ بۇ زاپچاسلارنى ئۆز ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرالايدىغان ھۈنەر ۋە تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتوموبىلنىڭ موتورىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ چىراغلىرىغىچە بولغان ھەر بىر پارچىسى، رەڭگى ۋە مودىلى، ئۇنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ماھىرلىقى، ئۇستىلىقى ۋە باشقا كۆپلىگەن سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز بۇ ئاددىي بىر ئاپتوموبىل توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، ئۇنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى بىلىۋالغىنىمىزغا ئوخشاش، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى مەخلۇقاتلىرى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىقمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقان شەيئىلىرىدىكى ئىنتايىن مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاجايىپ ئىشلاردىن بىرەرسىنى

بايقىغىنىمىزدا، ئاللاھنىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

قۇياش، ئاي، زېمىن ۋە ئۇلاردىن باشقا سەييارىلەرنىڭ ھەرىكەت سىستېمىسىدىكى مۇكەممەل قانۇنىيەتنى بىلگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ ھەر شەيئىنى شۇنداق مۇكەممەل يارىتىش ۋە بېكىتىشنى بىلىدىغان، ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

كائىناتتىكى ئاللاھ تائالا بېكىتكەن نىزام ۋە سىستېمىلارنىڭ نۇقسانسىز داۋام قىلىۋاتقانلىقى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ ھەمىشە تىرىك بولغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ۋە بارچە كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز.

ئاللاھ تائالانىڭ دۇئالارنى ئىجابەت قىلغىنىنى، ھەتتا قۇرغاقچىلىقتىن سۇ تىلەش (ئىستىسقا) نامىزى ئوقۇپ ئاللاھ تائالادىن سۇ تىلىگەنلەرگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىنىدىن، ئۇنىڭ ھەر قانداق دۇئا ۋە مۇناجاتلارنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

تەبىئەتنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ شەيئىلەرنى خالىغانچە ھەرخىل گۈزەل شەكىللەردە يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

ھاياتىمىزدا بىرەر ياكى كۆپ قېتىم ئۆلۈمنىڭ تۇمشۇقىغا كىلىپ قالغىنىمىزدا، ئۇنىڭدىن ئامان قالغىنىمىزنى ئويلىغىنىمىزدا،

ئاللاھ تائالانىڭ خەۋپ ـ خەتەرلەردىن ساقلىغۇچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

ھېچقانداق كىشىلىك تارتماستىن ياكى بىرەر ۋەقەگە ئۇچرىماستىن ياتقان يېرىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بىراۋنى كۆرگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلتۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

ئاللاھ تائالانىڭ قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى، يامغۇر بىلەن قايتا ياشارتىپ تىرىلدۈرگىنىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

دېمەك، بىز كائىناتتىكى ھەربىر مەخلۇقات ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ كۆپلىگەن ئالىي سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز.

ئاللاھ تائالا تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ فِي ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلْأَرْضِ لَآيَاتٍ لِّلْمُؤْمِنِينَ . وَفِي خَلْقِكُمْ وَمَا يَبُثُّ مِن دَابَّةٍ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ . وَٱخْتِلَافِ ٱللَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ وَمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن رِّزْقٍ فَأَحْيَا بِهِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَتَصْرِيفِ ٱلرِّيَاحِ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ . تِلْكَ آيَاتُ ٱللَّهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِٱلْحَقِّ فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَ ٱللَّهِ وَآيَاتِهِ يُؤْمِنُونَ﴾ يەنى «شەكسىزكى، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۇئمىنلەر ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار. سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (ئاللاھ زېمىندا) تارقىتىۋەتكەن جانلىقلاردا (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھنىڭ ئاسماندىن (ھاياتلىقنىڭ

مەنبەسى بولغان) يامغۇرنى ياغدۇرۇپ، (قۇرغاقچىلىقتىن) ئۆلگەن زېمىننى ئۇنىڭ بىلەن تىرىلدۈرۈشىدە ۋە شاماللارنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىدا، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار. (ئى پەيغەمبەر!) ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئۇنى ساڭا ھەقىقەتتى بىلەن ئوقۇپ بېرىۋاتىمىز. ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەي، قانداق سۆزگە ئىشىنىدىغاندۇ؟»[1].

ئەللامە ئابدۇرراھمان سەئدىي مۇنداق دېگەن: «ھەربىر ئادەمنىڭ ئىمانى ئۇنىڭ ئاللاھنى تونۇشىغا قاراپ بولىدۇ، ئاللاھنى قانچىلىك ئوبدان تونۇسا ئۇنىڭ ئىمانى زىيادە بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاللاھنى تونۇشى قانچىلىك كەم بولسا ئىمانىمۇ شۇنچىلىك كەم بولىدۇ. ئىماننى كۈچلەندۈرۈشنىڭ ئەڭ يېقىن يولى ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئوبدان تەپەككۇر قىلىپ ئۆگىنىشتۇر»[2].

دېمەك، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىمانىنىڭ دەرىجىسى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇشىغا قاراپ بولىدۇ. ئاللاھ تائالانى قانچىلىك ياخشى ۋە مۇكەممەل تونۇغان ئادەمنىڭ ئىمانى شۇنچىلىك كۈچلۈك بولغانلىقى سىرتىدا، ئۇنىڭ ئىخلاسى، مۇھەببىتى ۋە ئىبادەتلىرىمۇ مۇكەممەل بولىدۇ.

---

[1] جاسىيە سۈرىسى 3 ـ 6 ـ ئايەتلەر.

[2] «تفسير السعدي» 1 - توم، 24 - بەت.

# ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنى بىلىشنىڭ پايدىلىرى

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئۆگىنىش ۋە مەنىسىنى بىلىش ھەربىر مۇئمىن ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ۋە پايدىسى كۆپتۇر. ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلغاندا، ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن دۇئا قىلىش دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بىرگە دۇئادا ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھ تائالانى گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن ئاتاشنى ۋە چاقىرىشنى ئۆگەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى شىپى كەلتۈرۈپ دۇئا قىلىشنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆگەتكەن ۋە نۇرغۇنلىغان ئېسىل دۇئالارنى قالدۇرغان. تۆۋەندىكى دۇئالار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

«بِسْمِ اللّٰهِ الَّذِي لاَيَـضُرُّ مَـعَ اسْـمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلاَ فِي السَّـمَاءِ وَهُوَالسَّـمِيْعُ العَلِيْـمُ» «نامىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندە ھېچقانداق نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلىغۇچى ۋە تولۇق بىلگۈچىدۇر»[1]، «اَللّٰهُـمَّ اِنِيّ اَسْـأَلُكَ بِـأَنَّ لَـكَ الْحَمْـدُ لاَاِلٰهَ اِلاَّ أَنْـتَ الْحَنّـَانُ الْمَنّـَانُ بَدِيْـعُ السّـمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ، يـاَذَا الْجَـلاَلِ وَالْإِكْـرَامِ، يـاَ حَيُّ يـاَ قَيّـُومُ اَسْـلُكَ»

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

«ئى ئاللاھ! سېنىڭ پەزل ـ كەرەمىڭنى تىلەيمەن، بارچە ھەمدۇ ـ سانا ساڭا خاستۇر، سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، سەن ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە كۆيۈمچانسەن، كۆپ ئېھسان قىلغۇچىسەن، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقان زاتسەن، ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك ئىلاھىم! ئى ھەمىشە تىرىك بولغۇچى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى رەببىم! سەندىن (ھاجەتلىرىمنى) تىلەيمەن»[1]، «يَا حَيُّ يَاقَيُّومُ بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ» «ئى مەڭگۈلۈك ھايات تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! رەھمىتىڭگە سىغىنىپ سەندىن ياردەم تىلەيمەن»[2]، «يَاحَيُّ يَاقَيّومُ بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ، أَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهِ وَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ» «ئى ھەمىشە مەڭگۈ ھايات تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! مېنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىمنى ياخشىلاپ بەرگىن، مېنى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكمۇ ئۆز ھالىمغا قويۇپ بەرمىگىن»[3].

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى بىلىش غەمكىنلىكتە تەسەللى، قىيىنچىلىقتا چىقىش يولى، قورقۇنچتا ئامانلىق، ئاجىزلىقتا كۈچ ـ قۇۋۋەت، يوقسۇللۇقتا چارە، ئۈمىدسىزلىكتە ئۈمىد مەنبەسىدۇر. پادىشاھتىن پۇقراغىچە، ئالىمدىن ئاۋامغىچە، بايدىن يوقسۇلغىچە ھەممە ئادەم ئاللاھ تائالاغا موھتاج، ھەممىسى ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەيدۇ. ھەتتا ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ بېشىغا

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] تىرمىزى رىۋايىتى.

[3] ھاكىم رىۋايىتى.

قاتتىق كۈن كەلگەندە ئىختىيارسىز ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرىدۇ. پىرئەۋن مىسىر زېمىنىدا ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزىنى ئىلاھ دەپ ئېلان قىلغان ۋە مۇنداق: ﴿أَنَا رَبُّكُمُ الْأَعْلَى﴾ «مەن سىلەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈن رەببىڭلار بولىمەن»[1] دېگەن. ئەمما ئۇ دېڭىزدا غەرق بولۇش ئالدىدا ئاللاھ تائالانى ئېتىراپ قىلىپ: ﴿آمَنْتُ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا الَّذِي آمَنَتْ بِهِ بَنُو إِسْرَائِيلَ وَأَنَا مِنَ الْمُسْلِمِينَ﴾ «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، مەنمۇ مۇسۇلمان بولدۇم»[2] دېگەن.

ئاللاھ تائالا ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى بىلىش جەننەتكە كىرىشنىڭ يولىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ 99 ئىسمى بار، كىمكى ئۇلارنى سانىسا جەننەتكە كىرىدۇ»[3] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ھەدىستىكى «سانىسا» دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى نېمە؟

ھەدىستىكى «سانىسا» دېگەن ئىبارە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل مەنىگە ئىشارەت قىلىدۇ:

(1) سانىنى سانىسا ۋە تەلەپپۇز قىلىپ ئوقۇسا دېگەنلىك بولۇپ، تىلى ۋە قەلبى بىلەن ئۇلارنى زىكىر قىلغاننى ئىپادىلەيدۇ.

(2) مەنىسىنى چۈشىنىپ ئىمان ئېيتسا ۋە ئېتىقاد قىلسا دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: بىراۋ: «اللّٰهُ الْحَكِيمُ» «ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇ

---

[1] نازىئات سۈرىسى 24 - ئايەت.

[2] يۇنۇس سۈرىسى 90 - ئايەت.

[3] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ھەممە ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزىدۇ. چۈنكى پۈتۈن ئىشلار ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بارلىققا كېلىدۇ. بىراۋ: «اَللّٰهُ الْعَدْلُ» «ئاللاھ ئادالەتلىكتۇر» دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە قايىل بولىدۇ- دە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا تېگىشلىك ھەققىگە ئىگە بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، خاتىرجەم، بەھۇزۇر ھايات كەچۈرۈشكە داۋام قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، «اَللّٰهُ الرَّازِقُ» «ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىدۇر» دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئاچ قالمايدىغانلىقىغا، ھارامغا قول ئۇزاتمىسىمۇ ھايات كەچۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا بولغان ئىمانى كۈچىيىدۇ- دە، ھالالدىن تېپىپ ھالال يېيىش، ھالال ئىچىش يولىدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ.

(3) ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرى بىلەن دۇئا قىلىش. بۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرىنچىسى: ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلەش ۋە ئۇنى ياد ئېتىش، ئىككىنچىسى: ئاللاھ تائالادىن ھاجىتىنى تىلەش قاتارلىقلارمۇ ئاللاھنىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىگە ئەمەل قىلغانلىق سانىلىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنى بىلىش ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ يولىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانى پەقەت ئىسىم - سۈپەتلىرى بىلەنلا مۇكەممەل تونۇغىلى بولىدۇ. ئەللامە ئىبنى قەييىم مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇشتىن مۇھىم ھاجىتى يوقتۇر. ئاللاھ تائالانى تونۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنى تونۇشتىن باشقا يول يوقتۇر. ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنى قانچىلىك ياخشى ۋە تولۇق بىلسە، ئاللاھ تائالانىمۇ شۇنچىلىك ياخشى تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم -

سۈپەتلىرىنى بىلمىگەن كىشى ئاللاھ تائالانىمۇ بىلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ»[1].

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، رەببىڭنى بىزگە سۈپەتلەپ بەرگىن دېگەندە، ئاللاھ تائالا ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ. اللَّهُ الصَّمَدُ. لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ. وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ﴾ «(ئى پەيغەمبەر! سەندىن سورىغانلارغا) ئېيتقىنكى، (سىلەر بىلمەكچى بولغان) ئۇ ئاللاھ يەككە ـ يېگانىدۇر، ئاللاھ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. ئۇ بالىلىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ» دېگەن ئىخلاس سۈرىسىنى نازىل قىلغان.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى بىلىش بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئەسلىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتا ئاللاھ تائالانى تونۇش ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. چۈنكى بۇيرۇغۇچىنى ۋە توسقۇچىنى بىلمىگەن ئادەم ئىتائەت قىلمايدۇ، ئۇنى قانچىلىك ياخشى بىلگەن كىشىنىڭ ئىتائىتى شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنى ئەڭ ئاۋۋال دەۋەت قىلىدىغان ئىشىڭ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتۇر. ئۇلار ئاللاھنى تونۇغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ كۈندە

---

[1] ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىينىڭ «طريق الهجرتين وباب السعادتين» ناملىق ئەسىرىدىن.

بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن، ئۇلار ئۇنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بايلىرىدىن ئېلىپ پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغان زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن»[1].

4. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى بىلىش دۇئا ئىجابەت بولۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ تۈرتكىلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى فَادْعُوهُ بِهَا﴾ «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، شۇڭا، سىلەر ئاللاھنى شۇ ئىسىملار بىلەن چاقىرىڭلار»[2] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسمى بىلەن دۇئا قىلىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلىشقا ۋەدە قىلدى. ﴿ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾ «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن»[3]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلسا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئاتاپ دۇئا قىلاتتى. ئۇ مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «اَللَّهُمَّ رَحْمَتَكَ أَرْجُو، فَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ، وَأَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ، لاَ إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ» «ئى ئاللاھ! رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، مېنى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكمۇ ئۆز ھالىمغا قويۇۋەتمىگىن، بارلىق ئىشلىرىمنى ياخشىلاپ بەرگىن، سەندىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر»[4]. يەنە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «اَللَّهُمَّ إِنِّي عَبْدُكَ وَابْنُ عَبْدِكَ وَابْنُ أَمَتِكَ نَاصِيَتِي بِيَدِكَ، مَاضٍ فِيَّ حُكْمُكَ، عَدْلٌ فِيَّ قَضَاؤُكَ، أَسْأَلُكَ بِكُلِّ اسْمٍ هُوَ لَكَ، سَمَّيْتَ بِهِ

---

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئەئراف سۈرىسى 180 ـ ئايەت.

[3] غافىر سۈرىسى 60 - ئايەت.

[4] ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

نَفْسَكَ، أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِي كِتَابِكَ، أَوْ عَلَّمْتَهُ أَحَداً مِنْ خَلْقِكَ، أَوْ اِسْتَأْثَرْتَ بِهِ فِي عِلْمِ الْغَيْبِ عِنْدَكَ، أَنْ تَجْعَلَ الْقُرْآنَ رَبِيعَ قَلْبِي وَنُورَ صَدْرِي وَجَلاَءِ حُزْنِي وذِهَابَ هَمِّي» «ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن، قۇلۇڭنىڭ ۋە دېدىكىڭنىڭ ئوغلىمەن، تەقدىرىم سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. مېنىڭ ئۈچۈن تەقدىر قىلغانلىرىڭ ھەر زامان يۈرگۈچى ۋە ئادالەتنىڭ ئۆزىدۇر. ئى ئاللاھ! ئۆزۈڭ شۇنداق ئاتىغان ياكى كىتابىڭ ئارقىلىق چۈشۈرگەن ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە بىلدۈرگەن ياكى ئۆز دەرگاھىڭدىكى غەيبلەر قاتارىدا بىزلەرگە بىلدۈرمىگەن بارچە ئىسىملىرىڭنى ۋاستە قىلىپ سەندىن قۇرئان كەرىمنى كۆڭلۈمنىڭ باھارى، قەلبىمنىڭ نۇرى، قايغۇلىرىمنى يوق قىلغۇچى ۋە ئەندىشىلىرىمنى كەتكۈزگۈچى قىلىشىڭنى تىلەيمەن»[1].

ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئاتاپ دۇئا قىلىش بارچە غەم ـ قايغۇلارنىڭ يوقىلىشىغا ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەل بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

5. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى بىلىش ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇشنىڭ يولىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەلۇم بىر جايغا قوشۇن ئەۋەتكەن بولۇپ، قوشۇنغا ئىمام بولغان كىشى نامازلىرىنىڭ ھەممە رەكئەتىدە ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇغان. قوشۇن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئەھۋالنى بايان قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا «نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۆزىدىن

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

سوراپ بېقىڭلار» دېگەن. ئۇلار ھېلىقى ئىمامدىن نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ «مەن ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ جاۋابىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، ئاللاھ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ»[1] دېگەن.

ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ، ئاسىيلىق قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ، ئۇنى سېغىنىدۇ ۋە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى مۆمىنلەر ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىدا ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىنى بىۋاسىتە ئاڭلىغاندا ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنى قاتتىق ئارزۇ قىلىدۇ، ھەتتا ئاللاھ تائالادىن شۇنى تىلەيدۇ. ﴿وَلَمَّا جَاءَ مُوسَى لِمِيقَاتِنَا وَكَلَّمَهُ رَبُّهُ قَالَ رَبِّ أَرِنِي أَنْظُرْ إِلَيْكَ قَالَ لَنْ تَرَانِي وَلَكِنِ انْظُرْ إِلَى الْجَبَلِ فَإِنِ اسْتَقَرَّ مَكَانَهُ فَسَوْفَ تَرَانِي فَلَمَّا تَجَلَّى رَبُّهُ لِلْجَبَلِ جَعَلَهُ دَكًّا وَخَرَّ مُوسَى صَعِقًا فَلَمَّا أَفَاقَ قَالَ سُبْحَانَكَ تُبْتُ إِلَيْكَ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا (تۇر تېغىغا) كەلگەن ۋە رەببى ئۇنىڭغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلغان چاغدا: «ئى رەببىم! ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈۋالاي» دېدى. ئاللاھ: «سەن مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن. لېكىن، تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن» دېدى. رەببى تاغقا ئۆز نۇرىنى غىل ـ پال چۈشۈرۈش بىلەن تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ:

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

«(ئى رەببىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (قەۋمىم ئىچىدە ساڭا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭتۇنجىسىمەن» دېدى[1].

6. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى تولۇق بىلگەن كىشى نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى بىلگەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى دېگەن سۈپىتىنى بىلگەن ئادەم ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ﴿اللَّهُ خَالِقُ كُلِّ شَىْءٍ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَىْءٍ وَكِيلٌ﴾ «ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر»[2]. ئاللاھ تائالانىڭ رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم ئاللاھ تائالادىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ رىزىق بېرىشىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ﴿وَمَا مِنْ دَابَّةٍ فِى الْأَرْضِ إِلَّا عَلَى اللَّهِ رِزْقُهَا﴾ «يەر يۈزىدىكى ھەربىر جانلىققا رىزىق بېرىشنى ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان»[3]. ئاللاھ تائالانىڭ ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم ئۆزىنىڭ نەقەدەر جاھىل ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ﴿وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾ «ئاللاھ ھەممىنى بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر»[4].

شۇڭا، «رەببىنى بىلگەن ئادەم ئۆزىنى بىلىدۇ» دەپ توغرا ئېيتىلغان. چۈنكى ئاللاھ تائالانى بارلىق گۈزەل سۈپەتلىرى ۋە ئۇلۇغ ئىسىملىرى بىلەن مۇكەممەل تونۇغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، كەمچىلىكىنى ۋە يېتەرسىزلىكىنى بىلىدۇ. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالاغا بولغان باغلىنىشى ۋە ئىخلاسى ئاشىدۇ، ئۆزىنىڭ

---

[1] ئەئراف سۈرىسى 143 ـ ئايەت.

[2] زۇمەر سۈرىسى 62 ـ ئايەت.

[3] ھۇد سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

[4] بەقەرە سۈرىسى 216 –ئايەت.

ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىپ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىدۇ، ئىبادەت قىلىدۇ ۋە ھاجەتلىرىنى تىلەيدۇ.

7. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى بىلىش تەقۋادارلىقتا ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئەيمىنىشكە تۈرتكە بولىدۇ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنى بىلىش ئۇنىڭدىن قورقۇش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر، شۇنىڭدەك ئاللاھنى بىلمەسلىك مەغرۇرلۇق ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر»[1]. ئىنسان ئاللاھ تائالانى قانچىلىك مۇكەممەل تونۇسا ئۇنىڭ تەقۋالىقى شۇنچىلىك ئاشىدۇ، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى قانچىلىك ياخشى بىلسە، ئۇنىڭ ئەقىدىسى شۇنچىلىك مۇستەھكەم بولىدۇ. ﴿إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ﴾ «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ھەممىدىن بەك قورقىدىغان زات ئىدى. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالانى ھەممىدىن بەك ئوبدان بىلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «مەن ئاراڭلاردا ئاللاھنى ھەممىدىن بەك بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھەممىدىن بەك قورقىدىغان بىرىمەن»[3] دېگەن.

8. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى بىلىش گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىش ۋە تائەت ـ ئىبادەتكە رىغبەتلىنىشنىڭ يولىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىنى، رەھمىتىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى ۋە مۇكاپاتىنىڭ

---

[1] «مفتاح دار السعادة».

[2] فاتىر سۈرىسى 28 ـ ئايەت.

[3] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

مـول ئىكەنلىكىنـى بىلگـەن كىشـى ئەلۋەتتـە ئاللاھ تائالانىـڭ ئازابىغـا سـەۋەب بولىدىغـان ئىشـلاردىن سـاقلىنىدۇ ۋە ئۇنىـڭ كاتتـا مۇكاپاتىغـا ئۆزىنـى سـازاۋەر قىلىدىغـان ئەمەللەرنـى قىلىشـقا ئالدىرايـدۇ. بـۇ خـۇددى ئىـش ئورنىدىكـى باشـلىقىنىڭ ھەرقانـداق بىـر كەمچىلىكىنـى كۆزدىـن سـاقىت قىلمايدىغـان، ياخشـى ئىشـلىگەنلەرنىڭ مۇكاپاتىنـى ئاشـۇرۇپ بېرىدىغـان بىـرى ئىكەنلىكىنـى بىلگـەن كىشـىنىڭ باشـلىقىنىڭ جازاسـىغا ئۇچـراپ قېلىشـتىن سـاقلىنىش ۋە ئۇنىـڭ مۇكاپاتىغـا سـازاۋەر بولـۇش ئۈچـۈن زور ئېھتىياتچانلىـق بىلـەن ئىـش كۆرگىنىگـە ئوخشـايدۇ.

9. ئاللاھ تائالانىـڭ ئىسـىم ـ سـۈپەتلىرىنى بىلىـش گـۈزەل سـۈپەتلەرگە ئىگـە بولۇشـنىڭ يولىـدۇر. چۈنكـى ئاللاھ تائالانىـڭ ناھايىتـى رەھىـم ـ شـەپقەتلىك ئىكەنلىكىنـى ۋە رەھىـم ـ شـەپقەتلىك بولغانلارنـى ياخشـى كۆرىدىغانلىقىنـى بىلگـەن ئـادەم ئەلۋەتتـە ئاللاھ تائالانىـڭ مەخلۇقاتىغـا رەھىـم ـ شـەپقەتلىك بولۇشـقا تىرىشـىدۇ. ئاللاھ تائالانىـڭ ئىنتايىـن كەرەملىـك سـېخىي زات ئىكەنلىكىنـى ۋە سـېخىيلىق قىلغۇچىلارنـى ياخشـى كۆرىدىغانلىقىنـى بىلگـەن ئـادەم ئەلۋەتتـە سـېخىيلىقتىن ئىبـارەت بـۇ گـۈزەل ئەخـلاق بىلـەن ئەخلاقلىنىشـقا تىرىشـىدۇ.

# ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنىڭ گۈزەللىكى

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بارچە گۈزەل ۋە ئەجايىپ مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەنىسى يامانلىققا ياكى زىيان ـ زەخمەتكە دالالەت قىلىدىغان ئىسىم ـ سۈپەتلەردىن خالىيدۇر. «سەھىھ مۇسلىم»دا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىدا «والشر ليس إليك» «يامانلىق ساڭا مەنسۇپ ئەمەس»[1] دەپ دۇئا قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ زاتىغا ياكى سۈپەتلىرىگە ياكى ئىسىملىرىغا يامانلىقنى مەنسۇپ قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل زات بولۇپ، ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى ۋە سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسى مۇكەممەلدۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

ئەللامە ئىبنى تەيمىييە: «ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى ئىچىدە يامانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسىم يوقتۇر»[2] دېگەن. ئۇ يەنە: «ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى پەقەتلا ماختىلىدىغان ئىسىملاردۇر. شۇڭا ئۇلار 〈گۈزەل ئىسىملار〉 دېيىلىدۇ».[3] دېگەن.

---

[1] «سەھىھ مۇسلىم» 771 - ھەدىس.

[2] «مجموع الفتاوى» 8 - توم، 96 - بەت.

[3] منهاج السنة النبوية» 5 - توم، 282 - بەت.

«ئۆلىمالار ﴿شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾ (قاتتىق جازالىغۇچى) دېگەن كەلىمە ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن سانىلامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەڭ توغرىسى شۇكى، ئۇ كەلىمە ئاللاھنىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئازابىنىڭ سۈپىتىدۇر. بۇ ئىبنى تەيمىييە، ئىبنى قەييىم ۋە باشقا تەتقىقاتچى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر»[1].

دوكتور ئۆمەر ئەشقەر مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ ئىشلىرىنىڭ ۋە ئىسىملىرىنىڭ سۈپەتلىرى ئۇنىڭ ئىسىملىرىدىن سانالمايدۇ. مەسىلەن: شَدِيدُ الْعِقَابِ، سَرِيعُ الْحِسَابِ، سَرِيعُ الْعِقَابِ، شَدِيدُ الْمِحَالِ... قاتارلىقلار ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى دېيىلمەيدۇ»[2].

[1] ئەللامە سەلمان ئەۋدەنىڭ «مع الله الاسم الأعظم وقضية أسماء الله الحسنى» ناملىق ئەسىرى، 17 - بەت.

[2] دوكتور ئۆمەر ئەشقەرنىڭ «أسماء الله وصفاته» ناملىق ئەسىرى، 61 - بەت.

# ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرى بىلەن دۇئا قىلىش

ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئاتاپ، ئۇلارنى شەپى كەلتۈرۈپ دۇئا قىلىشنىڭ جائىزلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىن خالىغانلىرىنى ئاتاپ دۇئا قىلسا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شۇنداق دۇئا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىسلەر كەلگەن. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ يولى دۇئانىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى ياكى سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىپ ئۇنىڭدىن تىلەكلىرىنى تىلەشتۇر. مەسىلەن: «يَـا غَفُـوْر اغْفِـرْلِي يـاَ رَحِيـم ارْحَمْـنِي» «ئى گۇناھلارنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى رەھىم قىلغۇچى ئاللاھ! ماڭا رەھىم قىلغىن» ، «رَبّ اغْفـرِلِي وارْحَمْـنِي إِنّـكَ أَنْـتَ الغَفُـور الرَحِيـم» «ئى رەببىم گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، چۈنكى سەن ھەقىقەتەن گۇناھلارنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، ناھايىتى رەھىم ـ شەپقەتلىكسەن» دېگەنگە ئوخشاش»[1].

---

[1] «نور على الدرب» من فتاوى الشيخ العثيمين.

«قۇرئان كەرىم»دە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. ﴿وَأَيُّوبَ إِذْ نَادَى رَبَّهُ أَنِّي مَسَّنِيَ الضُّرُّ وَأَنْتَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ﴾ «ئەييۇب (نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ رەببىگە: ‹ھەقىقەتەن ماڭا بالا (كېسەل ) تەگدى. سەن شەپقەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكسەن› دەپ دۇئا قىلغان ئىدى»[1] دېگەن ئايەت شۇلارنىڭ مىسالى.

ئۆلىمالار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن دۇئا قىلغان ئادەمنىڭ تىلىگەنلىرى ئاشۇ ئىسىم ـ سۈپەتلەرگە مۇناسىپ كېلىشى لازىم. مەسىلەن: ھەربىر ئىسىم بىلەن شۇنىڭغا مۇناسىپ كەلگەن تىلەكلىنى تىلەش كېرەك. بۇ ‹ئى رەھىم شەپقەتلىك ئاللاھ! ماڭا رەھىم قىلغىن، ئى رىزىق بەرگۈچى ئاللاھ! ماڭا رىزىق بەرگىن، ئى ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ئاللاھ! مېنىڭ ئىشلىرىمنى ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغىن› دېگەنگە ئوخشاش»[2].

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، ۋەسىلىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈكى ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىشتۇر. ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «ئۆڭكۈردىكى ئۈچ كىشى»نىڭ قىسسىسىنى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، قىسسىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن ئۈچ نەپەر ئادەم يولدا كېتىۋاتقىنىدا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، ئۇلار بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالدۇ،

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى: 83 ـ ئايەت.

[2] ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلىسىنىڭ «موسوعة أسماء الله الحسنى» ناملىق ئەسىرى، 13 ـ بەت.

شۇ ئەسنادا تاغ ئۈستىدىن بىر يوغان تاش دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى توسۇۋالىدۇ، ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقىپ كېتىشكە ھېچقانداق چارە تاپالماي، ھەربىرى ئۆزىنىڭ خالىس ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ۋاستە قىلىپ، ئاللاھقا كامالىي ئىخلاسى بىلەن دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى ئېچىلىدۇ ۋە ھەممىسى سالامەت چىقىپ كېتىدۇ[1].

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئىسمى ئەزەم / الاسم الأعظم

ئاللاھ تائالانىڭ «الاسم الأعظم» (ئىسمى ئەزەم — ئەڭ ئۇلۇغ ئىسىم) دەيدىغان ئىسمى بارمۇ ياكى يوقمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزى ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ئەزەم دەيدىغان بىرەر ئىسمى يوقتۇر، دەپ قارايدۇ. مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرى، ئەللامە ئىبنى ھىببان، ئىمام باقىللانىي قاتارلىق ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ئەزەم دەيدىغان ئىسمى يوقتۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىنىڭ ۋە سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسى گۈزەل، ھەممىسى ئۇلۇغدۇر، ئۇلار بىر - بىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ»[1].

ئەمما كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ئەزەم دەپ ئىسمى بار دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە كەلگەن تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنى نەقىل قىلىدۇ:

بۇرەيدە ئىبنى ھۇسەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ «اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِأَنِّي اَشْهَدُ اَنَّكَ أَنْتَ اللّٰهُ لاَإِلَهَ إِلاَ أَنْتَ الأَحَدُ الصَّمَدُ الَّذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ

[1] «مع الله الاسم الأعظم» 40 - بەت.

«يُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُواً أَحَدٌ» ‹ئى ئاللاھ! پەزل ـ كەرەمىڭنى تىلەيمەن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، سەن ھەممە ساڭا موھتاج بولغان، پەرزەنتلىك بولمىغان، تۇغۇلمىغان، ھېچكىم ساڭا تەڭداش بولمايدىغان يەككە ـ يېگانە ئىلاھسەن› دەپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ مۇنداق دېدى: ‹ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئادەم ئۇنىڭ بىلەن نېمە تىلىسە بېرىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن قىلىغان دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئىسمى ئەزەم (ئاللاھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىسمى) بىلەن دۇئا قىلدى»[1].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بىر ئادەم: «اَللَهُمَّ إِنِّي اَسْأَلُكَ بِأَنَّ لَكَ الْحَمْدُ لاَاِلَهَ اِلاَّ أَنْتَ الْحَنَّانُ الْمَنَّانُ بَدِيْعُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ، يَاذَا الْجَلاَلِ وَالإِكْرَامِ، يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ اَسْأَلُكَ» ‹ئى ئاللاھ! پەزل ـ كەرەمىڭنى تىلەيمەن، بارچە ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، سەن ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە كۆيۈمچانسەن، كۆپ ئېھسان قىلغۇچىسەن، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۈرنەكسىز ياراتقان زاتسەن، ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك ئىلاھىم! ئى ھەمىشە تىرىك بولغۇچى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى رەببىم! سەندىن (ھاجەتلىرىمنى) تىلەيمەن› دەپ دۇئا قىلىۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاقىتتا: ‹بۇ ئادەم ئۇنى ئوقۇپ نېمە تىلىسە بېرىلىدىغان ۋە دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئىسمى ئەزەم بىلەن دۇئا قىلدى› [2] دېدى».

---

[1] ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

يۇقىرىقى ھەدىسلەر ئىسمى ئەزەم توغرىسىدا كەلگەن ئەڭ ئىشەنچلىك ھەدىسلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ئەزەم دېگەن ئىسمىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ[1].

## ئىسمى ئەزەم قايسى؟

بەزى ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ «اَللّٰهُ» دېگەن مۇبارەك ئىسمىنى ئىسمى ئەزەم دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ئىسىملىرى مۇشۇ ئىسمىغا ئەگىشىدۇ. مەسىلەن: «اَللّٰهُ الخَالِقُ، اَللّٰهُ الرَّازِقُ، اَللّٰهُ العَلِيمُ، اَللّٰهُ البَصِيرُ» دېگەنگە ئوخشاش[2].

يەنە بەزى ئۆلىمالار بەندە ئاللاھ تائالاغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ دۇئا قىلغان ۋاقتىدا ئاللاھ تائالانىڭ قايسى ئىسمىنى شەپى كەلتۈرۈپ دۇئا قىلغان بولسا، ئاشۇ ئىسىم ئىسمى ئەزەمدۇر دەپ قارايدۇ. بۇ ئىمام جەئفەر سادىق، جۇنەيد قاتارلىق ئۆلىمالاردىن نەقىل قىلىنغان[3].

## بۇ مەسىلىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قاراش

كۆپ سانلىق ئۆلىمالار يۇقىرىقى ئىككى ھەدىستە كەلگەن دۇئالارنى ئىسمى ئەزەم دەپ قارايدۇ. ئاشۇ ئىككى دۇئانىڭ قايسىبىرىنى قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىسمى بولغان ئىسمى ئەزەم بىلەن دۇئا قىلغان بولىدۇ. دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن، دۇئا قىلغۇچىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنىڭ ھالالدىن بولۇشىدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ دۇئادا

---

[1] «مع الله الاسم الأعظم» 41 ـ بەت.

[2] «مع الله الاسم الأعظم» 41 ـ بەت.

[3] «فتح الباري» 11 ـ توم، 224 ـ بەت.

سەممي بولۇشى، ئەقلى، پىكرى، ھېسسىياتى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى ئاللاھ تائالا بىلەنلا بولۇشى شەرتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئاللاھقا دۇئا قىلغىنىڭلاردا، ئۇنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا ئىشەنگەن ھالدا قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ غەپلەتتىكى پەرۋاسىز كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

[1] تىرمىزى رىۋايىتى.

# ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى

## الله / ئاللاھ

«الله» ــ بارچە كائىناتنىڭ ئىگىسى، پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ يېگانە ئىلاھى، ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن لايىق بولغان، بارچە مەۋجۇدات ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان، مۆئمىنلەر ئۇنىڭغا باش ئېگىپ رۇكۇقىلىدىغان، يېلىنىپ سەجدە قىلىدىغان ۋە ھەر تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ يېگانە ئىلاھلىقىغا لايىق سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولغان مەبۇد بەرھەقنىڭ خاس ئىسمى.

«الله» دېگەن ئىسىم «اَلَهَ» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن چىققان بولۇپ، لۇغەتتە «إِلَهٌ» يەنى «مەبۇد» (ئىبادەت قىلىنغۇچى) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«الله» دېگەن ئىسىم ئاللاھ تائالانىڭ بارچە ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنىڭ بېشىدا كېلىدىغان ئىسىم بولۇپ، ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. مەسىلەن: ﴿هُوَ اللَّهُ الَّذِى لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ الْعَزِيزُ الْجَبَّارُ الْمُتَكَبِّرُ﴾[1]، ﴿هُوَ اللَّهُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ الْمُصَوِّرُ﴾[2] دېگەن ئايەتلەرگە ئوخشاش.

«الله» دېگەن ئىسىم «ا»، «ل»، «ه» قاتارلىق ئۈچ ھەرپتىن

---

[1] ھەشر سۈرىسى: 23 - ئايەت.

[2] ھەشر سۈرىسى: 24 - ئايەت.

تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇ ھەرپلەر ناھايىتى ئوڭاي تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى ئۈچۈن «يۇمشاق ھەرپلەر» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلار ھەرقانداق مىللەتنىڭ ۋە ھەرقانداق كىچىك بالىنىڭمۇ تىلىغا قەتئىي قىيىن كەلمەيدىغان، ناھايىتى يېنىك ھەرپلەردۇر. شۇڭا، ھەركىم «اللّٰه» دېگەن ئىسمنى ئوڭايلا ئېيتالايدۇ.

«اللّٰه» ھەرقانداق ئادەم (لَا إِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ..) دەپ ئىسلامغا كىرىشتە ۋە ھەرقانداق مۇئمىن «اللّٰه أَكْبَرُ» دەپ نامىزىنى باشلاشتا ئېيتىدىغان بىرىنچى كەلىمىدۇر.

«اللّٰه» دېگەن ئىسىم «قۇرئان كەرىم»دە ۋە ھەدىسلەردە ئەڭ كۆپ كەلگەن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تىلىغا جارى بولغان ئەڭ مەشھۇر ئىسىمدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالانىڭ «اللّٰه» دېگەن مۇبارەك ئىسمى 2000 دىن كۆپرەك ئورۇندا كەلگەن ۋە 33 ئايەت بۇ ئىسىم بىلەن باشلانغان.

«اللّٰه» دېگەن ئىسمىنىڭ مەنىسى: «قەلبلەردە ئۇلۇغلىنىدىغان، كۆڭۈللەر تەلپۈنىدىغان، ئۇنى ياد ئېتىش بىلەن دىللار ئارام تاپىدىغان، بارچە مەخلۇقات چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداق ئىشلىرىدا موھتاج بولىدىغان يەككە ـ يېگانە مەبۇد دېگەنلىكتۇر»[1].

«اللّٰه» دېگەن بۇ ئۇلۇغ ئىسىم مۇشۇ ئۇلۇغ ئىسىمنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا ھەربىر ئىنساننىڭ تولۇپ تاشقان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ۋايىغا يەتكەن ئۇلۇغلاش ۋە چىن قەلبىدىن

[1] «مع الله الاسم الأعظم» 49 - بەت.

تەلپۈنـۈش بىلـەن يۈزلىنىشـىنى تەقـەززا قىلىـدۇ. چۈنكـى ھەممـە ئۇنىڭغـا موھتاجـدۇر. ئاللاھ تائـالا بارچە مېھـر ـ مۇببەتنىڭ، كۈچ ـ قۇۋۋەتنىـڭ ۋە جىمـى ياخشـىلىقنىڭ بىردىنبىـر مەنبەسـىدۇر.

«الله» مۇئمىنلـەر ئىبادەتلىرىـدە ۋە كۈندىلىـك ھاياتىـدا ئېغىرىدىـن قەتئىـي چۆشـۈرمەيدىغان، ئۇنىڭدىـن روھىـي ئـوزۇق ئالىدىغـان، ئۇنىـڭ بىلـەن كۆڭلىنـى ئـارام تاپقۇزىدىغـان ئىسـىم بولغانـدەك، ھەرقانـداق ئىنسـان بېشـىغا ئېغىـر كۈنلـەر كەلگـەن، ھالاكـەت گىردابىغـا بېرىـپ قالغـان، دۇنيانىـڭ سـەۋەب ۋە چارىلىـرى كارغـا كەلمىگـەن ۋە ھەممىدىـن ئۈمىـدى ئۈزۈلگـەن چاغـدا، چىـن قەلـب قاتلىرىدىـن چىقىرىـپ، «ئاللاھ!» دەپ ئىلتىجا قىلىدىغان بىردىنبىر ئىسىمدۇر. ﴿فَـإِذَا رَكِبُـوا فِـى الْفُلْكِ دَعَـوُا اللَّهَ مُخْلِصِيـنَ لَـهُ الدِّيـنَ﴾ «ئـۇلار كېمىگـە چىقىـپ (غـەرق بولۇشـتىن قورققـان) چاغلىرىـدا، دىنىنـى ئاللاھقـا خـاس قىلغـان ھالـدا ئۇنىڭغـا چىـن ئىخلاسـى بىلـەن ئىلتىجـا قىلىـدۇ»[1].

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 65 - ئايەت.

# اَلرَّحْمَنُ / ئەررەھمان

ئاللاھ تائالانىڭ «اَلرَّحْمَنُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە يەتمىش بەش[1] ئورۇندا كەلگەن. ﴿اَلرَّحْمَنُ. عَلَّمَ الْقُرْآنَ. خَلَقَ الْإِنْسَانَ﴾[2]، ﴿اَلرَّحْمَنُ عَلَى الْعَرْشِ اسْتَوَى﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەر بۇنىڭدىن جۈملىسىدىندۇر.

«اَلرَّحْمَنُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان، رەھىم ـ شەپقىتىنىڭ بارچە مەخلۇقاتىغا ئومۇم ۋە شامىل ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئىسىمدۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ خاس ئىسمى بولۇپ، بۇ ئىسىم ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا قەتئىي ئىشلىتىلمەيدۇ.

---

[1] «النهج الأسمى في شرح أسماء الله الحسنى».

[2] رەھمان سۈرىسى 1 ـ 3 ـ ئايەتلەر.

[3] تاھا سۈرىسى 5 ـ ئايەت.

# الرَّحْيِم / ئەررەھم

«الرَّحْيِـم» «قۇرئـان كەرىم»نىـڭ ﴿إِنَّ اللَّهَ بِالنَّـاسِ لَـرَءُوفٌ رَحِيمٌ[1]﴾ ، ﴿فَمَـنْ تَـابَ مِـنْ بَعْـدِ ظُلْمِـهِ وَأَصْلَـحَ فَـإِنَّ اللَّه يَتُـوبُ عَلَيْـهِ إِنَّ اللَّهَ غَفُـورٌ رَحِيـمٌ﴾[2] قاتارلىق ئايەتلەردە 114 ئورۇنـدا كەلگـەن.

«الرَّحْيِـم» ئاللاھ تائالانىڭ سۈپىتى بولۇپ مۆمىنلەرگە بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھىم ـ شەپقەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مۆمىنلەرنى بۇ دۇنيادا ئىسلامغا ھىدايەت قىلغانلىقى ۋە ئاخىرەتتە جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقى ئۇنىڭ «الرَّحْيِـم» دېگەن سۈپىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ «الرَّحْمَنُ» دېگەن ئىسمى بىلەن «الرَّحْيِـم» دېگەن سۈپىتى ئوتتۇرىسىكى پەرق شۇكى، «الرَّحْمَنُ» ئاللاھ تائالانىڭ زاتىغا قارىتىلغان ئىسىملەردىن بىرىدۇر، «الرَّحْيِـم» ئۇنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۈپەتتۇر[3].

[1] بەقەرە سۈرىسى 143 ـ ئايەت.

[2] مائىدە سۈرىسى 39 ـ ئايەت.

[3] ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلىسىنىڭ «موسوعة أسماء الله الحسنى» ناملىق ئەسىرى، 24 ـ بەت.

# العَفُوُّ / ئەلئەفۇۋۇ

«العَفُوُّ» «قۇرئان كەرىم»دە بەش ئورۇندا كەلگەن. ﴿إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَفُوًّا غَفُورًا﴾[1]، ﴿إِنْ تُبْدُوا خَيْرًا أَوْ تُخْفُوهُ أَوْ تَعْفُوا عَنْ سُوءٍ فَإِنَّ اللَّهَ كَانَ عَفُوًّا قَدِيرًا﴾[2] قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئاللاھ تائالانىڭ «العَفُوُّ» دېگەن ئىسمى ئۇنىڭ جازاغا تېگىشلىك بولغانلارنى جازالىماستىن، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرگۈچى، خاتالىقلىرىنى كەچۈرگۈچى، جازادىن ئەپۇ قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

---

[1] نىسا سۈرىسى 43 - ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى 149 - ئايەت.

# الغَافِرِ / ئەلغافىر

«الغَافِـرِ» دېگـەن ئىسـىم «قۇرئـان كەرىـم»دە ﴿تَنْزِيـلُ الْكِتَـابِ مِـنَ اللَّهِ الْعَزِيـزِ الْعَلِيـمِ. غَافِـرِ الذَّنْـبِ وَقَابِـلِ التَّـوْبِ شَـدِيدِ الْعِقَـابِ ذِى الطَّــوْلِ لَا إِلَــهَ إِلَّا هُــوَ إِلَيْــهِ الْمَصِيــرُ﴾[1] دېگــەن ئايەتتــە كەلگــەن. يەنــە ﴿أَنْـتَ وَلِيُّنَـا فَاغْفِـرْ لَنَـا وَارْحَمْنَـا وَأَنْـتَ خَيْـرُ الْغَافِرِينَ﴾[2]دېگــەن ئايەتتــە كۆپلــۈك شــەكىلدە كەلگــەن.

«الغَافِـرِ» ئاللاھ تائالانىـڭ گۇناھلارنـى مەغپىـرەت قىلغۇچـى ئىكەنلىكىنـى ئىپادىلەيدىغـان ئىسـمى بولۇپ، ئاللاھ تائـالا تەۋبە قىلغـان بەندىلىرىنىـڭ گۇناھلىرىنـى ئەلۋەتتـە مەغپىـرەت قىلىدۇ، بـەزى گۇناھلارنـى ياخشـى ئەمەللەرنىـڭ سايىسـىدا تەۋبەسـىزمۇ مەغپىـرەت قىلىـدۇ.

---

[1] غافىر سۈرىسى 2 - 3 - ئايەتلەر.

[2] ئەئراف سۈرىسى 155 - ئايەت.

## الغَفُورُ / ئەلغەفۇر

«الغَفُورُ» «قۇرئـان كەرىـم»دە 91 ئورۇنـدا كەلگـەن بولـۇپ، ﴿إِنَّ اللَّهَ غَفُـورٌ رَحِيمٌ﴾[1]، ﴿وَاعْلَمُـوا أَنَّ اللَّه غَفُـورٌ حَلِيمٌ﴾[2] دېگـەن ئايەتلـەر شـۇلارنىڭ جۈملىسـىدىندۇر.

«الغَفُورُ» ئالـلاھ تائالانىـڭ بەندىلىرىنىـڭ گۇناھلىرىنـى يۆگىگۈچـى ۋە ئۇلارنـى جازادىـن ئەپـۇ قىلغۇچى، گۇنـاھ قانچىلىك كـۆپ ۋە ئېغىـر بولـۇپ كەتسـىمۇ مەغپىـرەت قىلغۇچـى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيـدۇ.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 173 - ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى 235 - ئايەت.

# الغَفَّارُ / ئەلغەففار

«الغَفَّارُ» «قۇرئان كەرىم»دە بەش ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ﴿وَإِنِّي لَغَفَّارٌ لِمَنْ تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا ثُمَّ اهْتَدَى﴾[1]، ﴿رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا الْعَزِيزُ الْغَفَّارُ﴾[2]قاتارلىق ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«الغَفَّارُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى بەك مەغپىرەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

---

[1] تاھا سۈرىسى 82 - ئايەت.

[2] ساد سۈرىسى 66 - ئايەت.

## المَلِكُ / ئەلمەلىك

ئاللاھ تائالانىڭ «المَلِكُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە بەش ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ﴿هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ﴾[1]، ﴿فَتَعَالَى اللَّهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ﴾[2]، ﴿يُسَبِّحُ لِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ الْمَلِكِ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەر بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«المَلِكُ» مەخلۇقاتى ئۈستىدە مۇتلەق ھاكىمىيىتى بولغان، ئۇلارنى خالىغان ئىشقا بۇيرۇپ، خالىغان ئىشتىن توسىدىغان، ھەممىنى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدىغان مۇتلەق پادىشاھ دېگەنلىكتۇر.

---

[1] ھەشر سۈرىسى 23 - ئايەت.

[2] تاھا سۈرىسى 114 - ئايەت.

[3] جۇمۇئە سۈرىسى 1 - ئايەت.

# اَلْمَالِكُ / ئەلمالىك

ئاللاھ تائالانىڭ «اَلْمَالِكُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾[1]، ﴿قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ﴾ دېگەن ئايەتلىرىدە كەلگەن.

«اَلْمَالِكُ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنىڭ ئىگىسى، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى ۋە ھەممىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ ئىدارە قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىدۇر. بەندىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىنىڭ ئەكسىچە، ئاللاھ تائالانىڭ ئىگىدارچىلىقىدا قىلچە ناقىسلىق ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىش بولمايدۇ. بەندىلەرنىڭ قولىدىكى ئىگىدارچىلىقلار ۋاقىتلىق ئىگىدارچىلىق بولۇپ، ئۇ مەڭگۈ داۋام قىلمايدۇ، بەلكى ۋاقتى كەلگەندە يوق بولىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئىگىدارچىلىقى ئەبەدىي يوقالمايدۇ.

[1] فاتىھە سۈرىسى 4 - ئايەت.

# الْمَلِكُ / ئەلمەلىك

ئاللاھ تائالانىڭ «الْمَلِيكُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿فِى مَقْعَدِ صِدْقٍ عِنْدَ مَلِيكٍ مُقْتَدِرٍ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«الْمَلِيكُ» ئاللاھ تائالانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ مۇتلەق، مۇكەممەل ۋە مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئىسىم بولۇپ، ھەممىنى ياراتقۇچى، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ۋە ئىدارە قىلغۇچى مۇتلەق پادىشاھ دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

[1] قەمەر سۈرىسى 55 - ئايەت.

# القُدُّوس / ئەلقۇددۇس

ئاللاھ تائالانىڭ «القُدُّوس» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿هُوَ اللَّهُ الَّذِى لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ﴾[1]، ﴿يُسَبِّحُ لِلَّهِ مَا فِى السَّمَاوَاتِ وَمَا فِى الْأَرْضِ الْمَلِكِ الْقُدُّوسِ﴾[2] دېگەن ئايەتلىرىدە كەلگەن. «سەھىھ مۇسلىم»دا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە «سبُّوحٌ قُدُّوسٌ رَبُّ المَلاَئِكَةِ وَالرُّوحِ» دېگەن تەسبىھنى ئوقۇيدىغانلىقى بايان قىلىنغان[3].

«القُدُّوس» ئاللاھ تائالانىڭ ھەرقانداق بىر نۇقساندىن، كەمچىلىكتىن، ئۆزىگە لايىق كەلمەيدىغان جىمى سۈپەتلەردىن پاك، شېرىكى ياكى بالىسى بولۇشتىن يىراق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمدۇر. «القُدُّوس» دېگەن سۆز يەنە ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ گۈزەل سۈپەتلەرگە ئىگە دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

---

[1] ھەشر سۈرىسى 23 - ئايەت.

[2] جۇمۇئە سۈرىسى 1 - ئايەت

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى، 487 - ھەدىس.

# ﴿السَّلامُ﴾ / ئەسسەلام

ئاللاھ تائالانىڭ «السَّلامُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلَامُ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن. «سەھىھ مۇسلىم»دا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر نامازدىن سالام بەرگەندىن كېيىن، «اَللَّهُمَّ اَنْتَ السَّلَامُ، وَ مِنْكَ السَّلَامُ، تَبَارَكْتَ يَاذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ» دەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان[2].

«السَّلامُ» ئاللاھ تائالانىڭ زاتىدا، ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرىدە ھەرقانداق بىر نۇقساندىن، كەمچىلىكتىن پاك، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بارلىق تىنچلىق ۋە ئامانلىقنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

---

[1] ھەشر سۈرىسى 23 ـ ئايەت.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى، 591 ـ ھەدىس.

# الْمُؤْمِنُ / ئەلمۇئمىن

ئاللاھ تائالانىڭ «الْمُؤْمِنُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلَامُ الْمُؤْمِنُ﴾ دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«الْمُؤْمِنُ» ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقىنى، ئامانلىق ئاتا قىلغۇچى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىنى قىيامەت كۈنىدە ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق ئالىدىغانلىقى بىلەن خاتىرجەم قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

## الْمُهَيْمِنُ / ئەلمۇھەيمىن

ئاللاھ تائالانىڭ «الْمُهَيْمِنُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ﴾[1]، دېگەن ئايىتىدە كەلگەن. «الْمُهَيْمِنُ» دېگەن سۆز ﴿وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ﴾[2] دېگەن ئايەتتە «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈپىتى بولۇپمۇ كەلگەن.

«الْمُهَيْمِنُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ئاشكارا ۋە مەخپىي بارلىق ئىشلىرىغا گۇۋاھ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، مەخلۇقاتىنى خەتەرلەردىن ساقلىغۇچى ۋە ھەممىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمدۇر.

---

[1] ھەشر سۈرىسى 23 - ئايەت.

[2] مائىدە سۈرىسى 48 - ئايەت.

# العَزِيزُ / ئەلئەزىز

ئاللاھ تائالانىڭ «العَزِيزُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە ئەڭ كۆپ كەلگەن ئىسىملىرىدىن بولۇپ، 92 ئورۇندا كەلگەن، كۆپىنچە باشقا ئىسىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن. مەسىلەن: ﴿فَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾[1]، ﴿ذَلِكَ تَقْدِيرُ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ﴾[2]، ﴿وَاللَّهُ عَزِيزٌ ذُو انْتِقَامٍ﴾[3] دېگەن ئايەتلەرگە ئوخشاش.

«العَزِيزُ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىدىن غالىب، ھەممىگە قادىر، ھېچقانداق ئىشتىن ئاجىز كەلمەيدىغانلىقىنى، ھېچ نەرسىنىڭ ۋە ھېچكىمنىڭ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىم بولۇپ، ئىززەت ۋە قۇدرەت مەنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«العَزِيزُ» دېگەن سۆز يەنە ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان بەندىسىگە ئىززەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿إِنَّ الْعِزَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا﴾[4]، ﴿يَقُولُونَ لَئِنْ رَجَعْنَا إِلَى الْمَدِينَةِ لَيُخْرِجَنَّ الْأَعَزُّ

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 209 - ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى 96 - ئايەت.

[3] ئال ئىمران سۈرىسى 4 - ئايەت.

[4] يۇنۇس سۈرىسى 65 - ئايەت.

مِنْهَا الْأَذَلَّ وَلِلَّهِ الْعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِ وَلِلْمُؤْمِنِينَ﴾[1] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى. بۇ ئايەتلەر ئىززەتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى، ئىززەت ئىزدىمەكچى بولغان كىشىنىڭ ئۇنى چوقۇم ئاللاھ تائالادىن تىلىشى لازىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

[1] مۇنافىقۇن سۈرىسى 8 - ئايەت.

# الجَبَّارُ / ئەلجەببار

ئاللاھ تائالانىڭ «الجَبَّارُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ الْعَزِيزُ الْجَبَّارُ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن. «الجَبَّارُ» دېگەن سۆز ئىنسانلار ئىچىدىكى مۇتەكەببىرلەرنى سۆكۈش مەنىسىدىمۇ كەلگەن. مەسىلەن: ﴿إِنَّ فِيهَا قَوْمًا جَبَّارِينَ﴾[2]، ﴿كَذَٰلِكَ يَطْبَعُ اللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ قَلْبِ مُتَكَبِّرٍ جَبَّارٍ﴾[3] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى.

«الجَبَّارُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئىنتايىن مېھرىبان ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى، دىلىغا ئارام بېغىشلىغۇچى، بەندىلىرىنى قەھرى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدارە قىلغۇچى، ئۇلارنىڭ ئۇستىدە ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى يۈرگۈزگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. «الجَبَّارُ» يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىدىن ئۇستۈن ۋە يۈكسەك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

---

[1] ھەشر سۈرىسى 23 - ئايەت.

[2] مائىدە سۈرىسى 22 - ئايەت.

[3] غافىر سۈرىسى 35 - ئايەت.

# الكَبِيرُ / ئەلكەبىر

ئاللاھ تائالانىڭ «الكَبِيرُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە ئالتە ئورۇندا كەلگەن. ﴿وَأَنَّ اللَّهَ هُوَ الْعَلِيُّ الْكَبِيرُ﴾[1]، ﴿إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلِيًّا كَبِيرًا﴾[2] دېگەن ئايەتلەر شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

«الكَبِيرُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە كاتتىلىقىنى، زاتىدا ،ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرىدە ھەممىدىن كاتتا ۋە ھەممىدىن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

[1] ھەج سۈرىسى 62 - ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى 34 - ئايەت.

# الْمُتَكَبِّرُ / ئەلمۇتەكەببىر

ئاللاھ تائالانىڭ «الْمُتَكَبِّرُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىمنىڭ ﴿هُوَ اللَّهُ الَّذِى لَا إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ الْعَزِيزُ الْجَبَّارُ الْمُتَكَبِّرُ﴾ دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«الْمُتَكَبِّرُ» ئاللاھ تائالانىڭ زاتىدا، ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرىدە ئەڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىدىن باشقا ھەر نەرسىنىڭ ناقىس ۋە يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

«الْمُتَكَبِّرُ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: ئۆزىدىن باشقا ھەممىنى تۆۋەن كۆرگۈچى، بارچە مۇكەممەللىكنى ۋە كاتتىلىقنى ئۆزىدىلا كۆرگۈچى، باشقىلارنى ئۆزى بىلەن ھەرگىز تەڭ ئەمەس دەپ قارىغۇچى دېگەنلىكتۇر. «الْمُتَكَبِّرُ» دېگەن بۇ سۈپەت ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن مۇكەممەللىكنى، بەندىگە نىسبەتەن ناقىسلىقنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ئىگىسى ۋە ھەممىنىڭ كاتتىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىم ۋە ھېچ نەرسە تەڭلىشەلمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى ھەممىدىن كاتتا بىلىش، باشقىلارنى ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرۈش ھەققى بار، ئەمما بەندىلەرنىڭ بۇنداق بىر ھەققى يوقتۇر. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالاغا موھتاج بولۇش جەھەتتە ھەممە ئوخشاش بەندىدۇر.

# الخَالِقُ / ئەلخالىق

ئاللاھ تائالانىڭ «الخَالِقُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە ئون بىر ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ﴿هُوَ اللَّهُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ الْمُصَوِّرُ﴾[1]، ﴿اللَّه خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ﴾[2] دېگەن ئايەتلەر شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

«الخَالِقُ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى يوقتىن پەيدا قىلغۇچى ۋە ھەممىنىڭ ئىگىسى بولغان يېگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] ھەشر سۈرىسى 24 - ئايەت.

[2] زۇمەر سۈرىسى 62 - ئايەت.

# الخَلاَّقُ / ئەلخەللاق

ئاللاھ تائالانىڭ «الخَلاَّقُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە ئىككى ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار: ﴿إِنَّ رَبَّكَ هُوَ الْخَلَّاقُ الْعَلِيمُ﴾[1]، ﴿بَلَى وَهُوَ الْخَلَّاقُ الْعَلِيمُ﴾[2] دېگەن ئايەتلەردۇر.

«الخَلاَّقُ» ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشتىكى ماھىرلىقىغا ۋە مۇكەممەللىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ يارىتىشىنىڭ چېكى يوق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] ھىجر سۈرىسى 86 - ئايەت.

[2] ياسىن سۈرىسى 81 - ئايەت.

# الْبَارِئُ / ئەلبارىئ

ئاللاھ تائالانىڭ «الْبَارِئُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە ئىككى ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار: ﴿هُوَ اللَّهُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ﴾[1]، ﴿فَتُوبُوا إِلَى بَارِئِكُمْ﴾[2] ئايەتلەردۇر.

«الْبَارِئُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى تەقدىر قىلىپ بەلگىلىگەنلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

[1] ھەشر سۈرىسى 24 - ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى 54 - ئايەت.

# اَلْمُصَوِّرُ / ئەلمۇسەۋۋىر

ئاللاھ تائالانىڭ «اَلْمُصَوِّرُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە بىر ئورۇندىلا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ﴿هُوَ اللَّهُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ الْمُصَوِّرُ[1]﴾ دېگەن ئايەتتۇر.

«اَلْمُصَوِّرُ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەر بىر مەخلۇقاتنى ئۆزىنىڭ ھېكمىتى تەقەززا قىلغان شەكىللەندۈرگۈچى ۋە گۈزەل سۈرەتلەردە ياراتقۇچى زات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

[1] ھەشر سۈرىسى 23 - ئايەت.

# القَاهِرُ / ئەلقاھىر

ئاللاھ تائالانىڭ «القَاهِرُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم» نىڭ ﴿وَهُوَ الْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِ وَهُوَ الْحَكِيمُ الْخَبِيرُ﴾[1]، ﴿وَهُوَ الْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِ وَيُرْسِلُ عَلَيْكُمْ حَفَظَةً﴾[2] دېگەن ئايەتلىرىدە كەلگەن.

«القَاهِرُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى بويسۇندۇرغۇچى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى 18 - ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى 61 - ئايەت.

# الْقَهَّارُ / ئەلقەههار

ئاللاھ تائالانىڭ «الْقَهَّارُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە ئالتە ئورۇندا كەلگەن. ﴿قُلِ اللَّهُ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ الْوَاحِدُ الْقَهَّارُ﴾[1] دېگەن ئايەت شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«الْقَهَّارُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنى مۇتلەق بويسۇندۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنى دۇنيانىڭ ئەڭ زور كۈچلىرى دەپ كۆرەلىگەن زالىملارنى ئۇلار قانچىلىك كۈچلۈك ۋە قانچىلىك كۆپ بولۇپ كەتسۇن، ئۇز قەھرى بىلەن ئەڭ ئىبرەتلىك شەكىلدە جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

[1] رەئد سۈرىسى 16 - ئايەت.

# الوَهَّابُ / ئەلۋەههاب

ئاللاھ تائالا «الوَهَّابُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە ئۈچ ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ﴿رَبَّنَا لَا تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ رَحْمَةً إِنَّكَ أَنْتَ الْوَهَّابُ﴾[1]، ﴿أَمْ عِنْدَهُمْ خَزَائِنُ رَحْمَةِ رَبِّكَ الْعَزِيزِ الْوَهَّابِ﴾[2]، ﴿قَالَ رَبِّ اغْفِرْ لِي وَهَبْ لِي مُلْكًا لَا يَنْبَغِي لِأَحَدٍ مِنْ بَعْدِي إِنَّكَ أَنْتَ الْوَهَّابُ﴾[3]قاتارلىق ئايەتلەردۇر.

«الوَهَّابُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ناھايىتى كۆپ ئاتا - ئېھسان قىلغۇچى، بەدەلسىز ئاتا قىلغۇچى، ھەتتا ئۇلار تىلىمىسىمۇ ئاتا قىلىشنى داۋاملاشتۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 8 - ئايەت.

[2] ساد سۈرىسى 9 - ئايەت.

[3] ساد سۈرىسى 35 - ئايەت.

# الرَّازِقُ / ئەررازىق

ئاللاھ تائالانىڭ «الرَّازِقُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە ﴿خَيْرُ الرَّازِقِينَ﴾ دېگەن كۆپلۈك شەكلىدە بەش ئورۇندا كەلگەن. گەرچە ئىنسانلار ھەر خىل يوللار بىلەن بىر ـ بىرىگە رىزىق بەرسىمۇ، ئاللاھ تائالا ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر ۋە رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. ﴿وَهُوَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ﴾«ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر»[1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنساننى، ئۇنىڭ رىزقىنى ۋە رىزىققا ئېرىشىشنىڭ يوللىرىنى، سەۋەبلىرىنى ياراتقان زاتتۇر.

رىزىق ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، بارلىق جانلىقلارغا بېرىلىدىغان ئومۇمىي رىزىقتۇر. بۇ مۇسۇلمان، كاپىر، تەقۋادار، گۇناھكار بارچە ئىنسانىيەتنى ۋە بارلىق جانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان رىزىق بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر. ﴿وَمَا مِنْ دَابَّةٍ فِى الْأَرْضِ إِلَّا عَلَى اللَّهِ رِزْقُهَا﴾ «يەر يۈزىدىكى ھەربىر جانلىققا رىزىق بېرىشنى ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان»[2] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] مۆئمىنۇن سۈرىسى 72 - ئايەت.

[2] ھۇد سۈرىسى 6 - ئايەت.

يەنە بىرى، خاس رىزىق بولۇپ، ئۇ ئىمان ۋە ھىدايەتتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنى تاللىغان بىر قىسىم بەندىلىرىگە خاس قىلىدۇ. چۈنكى رىزىقنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئەڭ ياخشىسى ئىماندۇر.

«الرَّازِقُ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بارچە جانلىقلارنىڭ رىزقىنى ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن بەلگىلەپ بولغان ۋە ئۇلارنى رىزقلاندۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان زاتتۇر.

## الرَّزَّاقُ / ئەررەززاق

ئاللاھ تائالانىڭ «الرَّزَّاقُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿إِنَّ اللَّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ ذُو الْقُوَّةِ الْمَتِينُ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«الرَّزَّاقُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە رىزىق بېرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندەك، ئۇلار ئۇچۇن تەقسىم قىلىنغان رىزىقنى يەتكۈزۈپ بېرىشنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى، خالىغان بەندىلىرىگە ناھايىتى كۆپ رىزىق بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] زارىيات سۈرىسى 58 - ئايەت.

## الفَتَّاحُ / ئەلفەتتاھ

ئاللاھ تائالانىڭ «الفَتَّاحُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿قُلْ يَجْمَعُ بَيْنَنَا رَبُّنَا ثُمَّ يَفْتَحُ بَيْنَنَا بِالْحَقِّ وَهُوَ الْفَتَّاحُ الْعَلِيمُ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن. «خَيْرُ الْفَاتِحِينَ» دېگەن ئىسمى ﴿رَبَّنَا افْتَحْ بَيْنَنَا وَبَيْنَ قَوْمِنَا بِالْحَقِّ وَأَنْتَ خَيْرُ الْفَاتِحِينَ﴾ دېگەن ئايەتتە كەلگەن. بۇ ئىككى ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ «الفَتَّاحُ» ۋە «خَيْرُ الْفَاتِحِينَ» ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

«الفَتَّاحُ» ئاللاھ تائالانىڭ يېپىق قەلبلەرنى ئىمان ۋە ھىدايەت بىلەن ئاچىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەندەك، بارچە يېپىق ئىشىكلەرنى ئوڭايچىلىق بىلەن ئاچىدىغانلىقىنى، مۈشكۈلچىلىكلەرنى ئاسانلاشتۇرىدىغانلىقىنى، بەندىلىرىگە ئۆز خەزىنىسىدىن ۋە رەھمىتىدىن خالىغانچە ئاچىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. «الفَتَّاحُ» دېگەن سۆز «الفاتِحُ» دېگەن سۆزدىن كۈچلۈك بولۇپ، ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ھەرقانچە قېتىپ كەتكەن دىللارنىمۇ ھىدايەت ئاچىدىغانلىقىنى ۋە ھەرقانداق مۈشكۈلچىلىكلەرنىمۇ ئوڭايلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] سەبەئ سۈرىسى 26 - ئايەت.

## العَالِمُ / ئەلئالىم

ئاللاھ تائالانىڭ «العَالِمُ» دېگەن سۈپىتى «قۇرئان كەرىم»دە 13 ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ﴿عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ﴾[1]، ﴿عَالِمِ الْغَيْبِ لَا يَعْزُبُ عَنْهُ مِثْقَالُ ذَرَّةٍ﴾[2] دېگەن ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«العَالِمُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىسمى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئېنىق ۋە كەسكىن بىلگۈچىدۇر.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى 73 - ئايەت.

[2] سەبەئ سۈرىسى 3 - ئايەت.

## العَلِيمُ / ئەلئەلىم

ئاللاھ تائالانىڭ «العَلِيمُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە 157 ئورۇندا كەلگەن. ﴿إِنَّكَ أَنْتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ﴾[1] ، ﴿وَهُوَ الْعَلِيمُ الْقَدِيرُ﴾[2]دېگەن ئايەت شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«العَلِيمُ» ئاللاھ تائالانىڭ شەيئىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن تەرەپلىرىنى ناھايىتى ئېنىق ۋە تەپسىلىي بىلگۈچى، ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كېلەچەككە ئائىت ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] بەقەرە سۈرىسى 32 - ئايەت.

[2] رۇم سۈرىسى 54 - ئايەت.

## العَلّامُ / ئەلئەللام

ئاللاھ تائالانىڭ «العَلّامُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە تۆت ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ﴿إِنَّكَ أَنْتَ عَلَّامُ الْغُيُوبِ﴾[1] دېگەن ئايەت شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

«العَلّامُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكىگە ۋە مۇكەممەللىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئىسمىدۇر.

[1] مائىدە سۈرىسى 109 - ئايەت.

# القَابِضُ / ئەلقابىز

ئاللاھ تائالانىڭ «القَابِضُ» دېگەن ئىسمى سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّ اللّٰهَ هو المُسَعِّر القابضُ الباسطُ الرازقُ، وإني لأرجو أن ألقى اللّٰهَ وليس أحدٌ منكم يُطالِبُني بمظلمةٍ في دمٍ ولا مالٍ» يەنى «ئاللاھ شەيئىلەرگە قىممەت بەلگىلىگۈچى، تار قىلغۇچى، كەڭ قىلغۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچىدۇر. مەن ئاللاھقا ئۇستۈمدە ھېچكىمنىڭ مېلىغا ياكى جېنىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ھەققى بولمىغان ھالەتتە ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن»[1].

«القَابِضُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئەجىلى توشقانلارنىڭ جېنىنى ئالغۇچى، بەندىلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ رىزقىنى، شارائىتىنى، ۋاقتىنى تار قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىسمىدۇر.

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى.

# البَاسِطُ / ئەلباست

ئاللاھ تائالانىڭ «البَاسِطُ» دېگەن ئىسمى يۇقىرىقى سەھىپىدە كەلگەن.

«البَاسِطُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە پەزل ـ كەرەمىنى ياغدۇرغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ رىزقىنى كەڭ، تۇرمۇشىنى باياشاتلىق قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

## السَّمِيعُ / ئەسسەمىئ

ئاللاھ تائالانىڭ «السَّمِيعُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە 45 ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ﴿رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنْتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ[1]﴾، ﴿إِنَّهُ سَمِيعٌ قَرِيبٌ﴾[2] قاتارلىق ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«السَّمِيعُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ دۇئالىرىنى، مۇناجاتلىرىنى ئاڭلىغۇچى، ھەرقانداق مەخپىي ۋە ئاشكارا ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمدۇر.

[1] بەقەرە سۈرىسى 127 - ئايەت.

[2] سەبەئ سۈرىسى 50 ئايەت.

# البَصِيرُ / ئەلبەسىير

ئاللاھ تائالانىڭ «البَصِيرُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە 42 ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ﴿وَاللَّهُ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ[1]﴾، ﴿وَهُوَ مَعَكُمْ أَيْنَ مَا كُنْتُمْ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾[2] قاتارلىق ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«البَصِيرُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە نەرسىنى، ھەتتا ئەڭ مەخپىي شەيئىلەرنى ۋە ھەرىكەتلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمدۇر.

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 15 - ئايەت.

[2] ھەدىد سۈرىسى 4 - ئايەت.

# اللَّطِيفُ / ئەللەتىف

ئاللاھ تائالانىڭ «اللَّطِيفُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە يەتتە ئورۇندا كەلگەن. ﴿إِنَّ اللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٌ﴾[1]، ﴿إِنَّ رَبِّي لَطِيفٌ لِمَا يَشَاءُ﴾[2] دېگەن ئايەتلەر شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

«اللَّطِيفُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە مېھرىبانلىق قىلغۇچى، ئۇلارغا ئۆزلىرى ھېس قىلمىغان يوللار بىلەن ياخشىلىق يەتكۈزگۈچى، ئىشلارنىڭ ۋە شەيئىلەرنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن خەۋەردار بولغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] ھەج سۈرىسى 63 - ئايەت.

[2] يۈسۈف سۈرىسى 100 - ئايەت.

# الخبير / ئەلخەبىر

ئاللاھ تائالانىڭ «الخَبِيرُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە 45 ئورۇندا كەلگەن. ﴿وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾[1]، ﴿نَبَّأَنِيَ الْعَلِيمُ الْخَبِيرُ﴾[2] دېگەن ئايەتلەر شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

«الخَبِيرُ» ئاللاھ تائالانىڭ شەيئىلەرنىڭ يوشۇرۇن تەرەپلىرىنى خۇددى ئاشكارا تەرەپلىرىنى بىلگەندەك تولۇق بىلگۈچى، مەلۇماتى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى 103 - ئايەت.

[2] تەھرىم سۈرىسى 3 - ئايەت.

# الحَلِيمُ / ئەلھەلیم

ئاللاھ تائالانىڭ «الحَلِيمُ» دېگەن سۈپىتى ئون بىر ئورۇندا كەلگەن. ﴿وَاللَّهُ غَفُورٌ حَلِيمٌ﴾[1] ، ﴿وَاللَّه غَنِيٌّ حَلِيمٌ﴾[2] دېگەن ئايەتلەر سۈلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

«الحَلِيمُ» ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھكارلارنى ئالدىراپ جازالىمايدىغان، ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا قايتىشىغا پۇرسەت بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 225 - ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى 263 - ئايەت.

# الْعَظِيمُ / ئەلئەزىيم

ئاللاھ تائالانىڭ «الْعَظِيمُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە توققۇز ئورۇندا كەلگەن. ﴿وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ﴾[1]، ﴿وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ﴾[2] قاتارلىق ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«الْعَظِيمُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە كاتتىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمى بولۇپ، زاتىدا، ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە ۋە جىمى ئىشلىرىدا مۇتلەق كامالەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 255 - ئايەت.

[2] تەۋبە سۈرىسى 129 - ئايەت.

# الشَّاكِرُ / ئەششاكىر

ئاللاھ تائالانىڭ «الشَّاكِرُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿فَإِنَّ اللَّهَ شَاكِرٌ عَلِيمٌ﴾[1]، ﴿وَكَانَ اللَّهُ شَاكِرًا عَلِيمًا﴾[2] دېگەن ئايەتلىرىدە كەلگەن.

«الشَّاكِرُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئازلا ئەمەلىنى كۆپ ئەمەللەر قاتارىدا قوبۇل قىلىپ، ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى، كۆپلىگەن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە نېمەتكە شۈكۈر قىلغۇچىلارغا نېمىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ئارتۇق ساۋاب بەرگۈچى، بىر ەر خەير ـ ئېھسانغا 700 ھەسسىدىن كۆپرەك مۇكاپات بەرگۈچى كەرەملىك زاتتۇر.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 158 ـ ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى 147 ـ ئايەت.

# الشَّكُورُ / ئەششەكۇر

ئاللاھ تائالا «الشَّكُورُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە تۆت ئورۇندا كەلگەن. ﴿إِنَّهُ غَفُورٌ شَكُورٌ﴾[1]، ﴿وَاللَّه شَكُورٌ حَلِيمٌ﴾[2] قاتارلىق ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«الشَّكُورُ»، «الشَّاكِرُ» دېگەن ئىسىمدىن كۈچلۈك بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ خالىس قىلىنغان ئازلا ئەمەللەرگە كۆپلەپ ئەجىر ـ ساۋاب بېرىشتە، نۇرغۇن گۇناھلارنى ئازراق تەۋبە بىلەن ياكى تەۋبىسىزمۇ مەغپىرەت قىلىشتا ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلارغا ئاشۇرۇپ بېرىشتە ناھايىتى سېخىي ۋە كەرەملىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] فاتىر سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

[2] تەغابۇن سۈرىسى 17 ـ ئايەت.

## «العَلِيُّ / ئەلئەلىي

ئاللاھ تائالانىڭ «العَلِيُّ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە سەككىز ئورۇندا كەلگەن. ﴿وَهُوَ الْعَلِىُّ الْعَظِيمُ﴾[1]، ﴿وَأَنَّ اللَّه هُوَ الْعَلِىُّ الْكَبِيرُ﴾[2]قاتارلىق ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«العَلِيُّ» ئاللاھ تائالانىڭ ئۈستۈن ۋە ئالىي مەرتىۋىلىك ئىكەنلىكىنى، زاتىنىڭ، ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ، قەھر قىلغۇچى كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ ۋەدەلىل ـ پاكىتلىرىنىڭ ئالاھىدە ئۈستۈنلۈكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 255 ـ ئايەت.

[2] ھەج سۈرىسى 62 ـ ئايەت.

# الْأَعْلَى / ئەلئەئلا

ئاللاھ تائالا «الْأَعْلَى» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى﴾[1]، ﴿إِلَّا ابْتِغَاءَ وَجْهِ رَبِّهِ الْأَعْلَى﴾[2] قاتارلىق ئايەتلەردە كەلگەن.

«الْأَعْلَى» ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن، ھەممىدىن يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە ھەممىدىن ئالىي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ زاتىنىڭ ۋە ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنلۈكىگە دالالەت قىلىدۇ.

[1] ئەئلا سۈرىسى 1 - ئايەت.

[2] لەيل سۈرىسى 20 - ئايەت.

# الْمُتَعَالُ / ئەلمۇتەئال

ئاللاھ تائالانىڭ «الْمُتَعَالُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ الْكَبِيرُ الْمُتَعَالِ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«الْمُتَعَالُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز قۇدرىتى ۋە قەھر قىلغۇچى كۈچى بىلەن ھەر نەرسىنى بويسۇندۇرغۇچى، ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ۋە ئىلمى بىلەن ھەممىنى قورشاپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] رەئد سۈرىسى 9 - ئايەت.

# الحَافِظُ / ئەلھافىز

ئاللاھ تائالانىڭ «الحَافِظُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿فَاللَّهُ خَيْرٌ حَافِظًا﴾[1]، ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾[2]، ﴿وَيَعْمَلُونَ عَمَلًا دُونَ ذَلِكَ وَكُنَّا لَهُمْ حَافِظِينَ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەردە كەلگەن.

«الحَافِظُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى خەۋپ ـ خەتەرلەردىن قوغدىغۇچى، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ساقلىغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] يۇسۇف سۈرىسى 64 - ئايەت.

[2] ھىجر سۈرىسى 9 - ئايەت.

[3] ئەنبىيا سۈرىسى 82 - ئايەت.

# الحَفِيظُ / ئەلھەفىيز

ئاللاھ تائالانىڭ «الحَفِيظُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿إِنَّ رَبِّي عَلَى كُلِّ شَيْءٍ حَفِيظٌ﴾[1]، ﴿عَلَى كُلِّ شَيْءٍ حَفِيظٌ﴾[2]، ﴿وَالَّذِينَ اتَّخَذُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ اللَّهُ حَفِيظٌ عَلَيْهِمْ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەردە كەلگەن.

«الحَفِيظُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ياخشى ساقلىغۇچى ۋە ئەڭ كۈچلۈك قوغدىغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] ھۇد سۈرىسى 57 - ئايەت.

[2] سەبەئ سۈرىسى 21 - ئايەت.

[3] شۇرا سۈرىسى 6 - ئايەت.

# اَلْمُقِيتُ / ئەلمۇقىيت

ئاللاھ تائالانىڭ «اَلْمُقِيتُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿وَكَانَ اللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ مُقِيتًا﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«اَلْمُقِيتُ» ئاللاھ تائالانىڭ بارچە جانلىقلارنىڭ رىزىقىنى ۋە ئوزۇقلىرىنى يەتكۈزگۈچى، ئۇلارنىڭ رىزىقلىنىش يوللىرىنى تەقدىر قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] نىسا سۈرىسى 85 - ئايەت.

# الحَسِيبُ / ئەلھەسىب

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿الحَسِيبُ﴾ دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿وَإِذَا حُيِّيتُم بِتَحِيَّةٍ فَحَيُّوا بِأَحْسَنَ مِنْهَا أَوْ رُدُّوهَا إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ حَسِيبًا﴾[1]، ﴿وَكَفَى بِاللَّهِ حَسِيبًا﴾[2]قاتارلىق ئايەتلەردە كەلگەن.

﴿الحَسِيبُ﴾ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى توغرا يولغا سېلىشقا كۇپايە قىلغۇچى، ئۇلارنىڭ ياخشى ــ يامان بارلىق ئەمەللىرىنىڭ ھېسابىنى ئالغۇچى، مۆمىنلەرگە ئالاھىدە ئىنئام قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] نىسا سۈرىسى 86 - ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى 6 - ئايەت.

# الكَرِيمُ / ئەلكەريم

ئاللاھ تائالانىڭ «الكَرِيمُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىمنىڭ ﴿يَا أَيُّهَا الْإِنْسَانُ مَا غَرَّكَ بِرَبِّكَ الْكَرِيمِ﴾[1]، ﴿وَمَنْ كَفَرَ فَإِنَّ رَبِّي غَنِيٌّ كَرِيمٌ﴾[2] ، ﴿فَتَعَالَى اللَّهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلىرىدە كەلگەن.

«الكَرِيمُ» ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىقى كۆپ، ئاتا ـ ئېھسانى مول، خالىغان بەندىسىگە تەلەپ قىلسۇن ياكى تەلەپ قىلمىسۇن، خالىغانچە بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] ئىنفىتار سۈرىسى 6 - ئايەت.

[2] نەمل سۈرىسى 40 - ئايەت.

[3] مۇئمىنۇن سۈرىسى 116 - ئايەت.

# الأَكْرَمُ / ئەلئەكرەم

ئاللاھ تائالانىڭ «الأَكْرَمُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ.الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ . عَلَّمَ الْإِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«الأَكْرَمُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئىنتايىن زور پەزل ـ كەرەملىك، سېخىيلىقتا، ئاتا ـ ئېھسان قىلىشتا تەڭدىشى يوق،مۆمىنلەرگە ئۆز پەزلىدىن ئىنئام قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] ئەلەق سۈرىسى 3 ـ 5 ـ ئايەتلەر.

# الرَّقِيبُ / ئەررەقيب

ئاللاھ تائالانىڭ «الرَّقِيبُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿فَلَمَّا تَوَفَّيْتَنِى كُنْتَ أَنْتَ الرَّقِيبَ عَلَيْهِمْ وَأَنْتَ عَلَى كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدٌ﴾[1]، ﴿وَكَانَ اللَّهُ عَلَى كُلِّ شَىْءٍ رَقِيبًا﴾[2]، ﴿إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەردە كەلگەن.

«الرَّقِيبُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن جىمى ئىشلىرىنى بىلىپ، گەپ ـ سۆزلىرىنى بىلىپ، كۆزىتىپ تۇرغۇچى، بىر لەھزىدە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] مائىدە سۈرىسى 117 - ئايەت.

[2] ئەھزاب سۈرىسى 52 - ئايەت.

[3] نىسا سۈرىسى 1 - ئايەت.

## القَرِيبُ / ئەلقەرىيب

ئاللاھ تائالانىڭ «القَرِيبُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿فَاسْتَغْفِرُوهُ ثُمَّ تُوبُوا إِلَيْهِ إِنَّ رَبِّي قَرِيبٌ مُجِيبٌ﴾[1]، ﴿قُلْ إِنْ ضَلَلْتُ فَإِنَّمَا أَضِلُّ عَلَى نَفْسِي وَإِنِ اهْتَدَيْتُ فَبِمَا يُوحِي إِلَيَّ رَبِّي إِنَّهُ سَمِيعٌ قَرِيبٌ﴾[2]، ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەردە كەلگەن.

«القَرِيبُ» ئاللاھ تائالانىڭ پۈتۈن بەندىلىرىگە ئىلمى، قۇدرىتى ۋە شەپقىتى بىلەن، مۆمىنلەرگە ياردىمى، نۇسرىتى بىلەن يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

---

[1] ھۇد سۈرىسى 61 - ئايەت.

[2] سەبەئ سۈرىسى 50 - ئايەت.

[3] بەقەرە سۈرىسى 186 - ئايەت.

# المُجِيبُ / ئەلمۇجيب

ئاللاھ تائالانىڭ «المُجِيبُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿فَاسْتَغْفِرُوهُ ثُمَّ تُوبُوا إِلَيْهِ إِنَّ رَبِّي قَرِيبٌ مُجِيبٌ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«المُجِيبُ» ئاللاھ تائالانىڭ دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ۋە تىلىگۈچىنىڭ تىلەكلىرىنى قوبۇل قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] ھۇد سۈرىسى 61 - ئايەت.

## الوَاسعُ / ئەلۋاسىئ

ئاللاھ تائالانىڭ «الوَاسِعُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە توققۇز ئورۇندا كەلگەن. ئۇلار: ﴿إِنَّ اللَّهَ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾[1]، ﴿وَكَانَ اللَّهُ وَاسِعًا حَكِيمًا﴾[2]، ﴿إِنَّ رَبَّكَ وَاسِعُ الْمَغْفِرَةِ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەردۇر.

«الوَاسِعُ» ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ ۋە كامال سۈپەتلىرىنىڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى، بەندىلىرىگە بولغان رەھمىتىنىڭ، مەغپىرىتىنىڭ كەڭ ۋە ئاتا ـ ئېھسانلىرىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 115 - ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى 130 - ئايەت.

[3] نەجم سۈرىسى 32 - ئايەت.

# الحَكِيمُ / ئەلھەكىيم

ئاللاھ تائالانىڭ «الحَكِيمُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە 94 ئورۇندا كەلگەن. ئۇلار: ﴿قَالُوا سُبْحَانَكَ لَا عِلْمَ لَنَا إِلَّا مَا عَلَّمْتَنَا إِنَّكَ أَنْتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ﴾[1]، ﴿رَبَّنَا وَابْعَثْ فِيهِمْ رَسُولًا مِنْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ إِنَّكَ أَنْتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾[2]، ﴿وَهُوَ الْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِ وَهُوَ الْحَكِيمُ الْخَبِيرُ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەردۇر.

«الحَكِيمُ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەرقانداق ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى، بارچە نۇقساندىن ۋە كەمچىلىكتىن پاك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 32 - ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى 129 - ئايەت.

[3] ئەنئام سۈرىسى 18 - ئايەت.

# الحَكَمُ / ئەلھەكەم

ئاللاھ تائالانىڭ «الحَكَمُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿أَفَغَيْرَ اللَّهِ أَبْتَغِي حَكَمًا وَهُوَ الَّذِي أَنْزَلَ إِلَيْكُمُ الْكِتَابَ مُفَصَّلًا﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«الحَكَمُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] ئەنئام سۈرىسى 114 - ئايەت.

# الحَاكِمُ / ئەلھاكىم

ئاللاھ تائالانىڭ «الحَاكِمُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە كۆپلۈك شەكلى بىلەن بەش ئورۇندا كەلگەن. ئۇلار: ﴿وَهُوَ خَيْرُ الْحَاكِمِينَ﴾ [1]، ﴿وَأَنْتَ أَحْكَمُ الْحَاكِمِينَ﴾[2]، ﴿أَلَيْسَ اللَّهُ بِأَحْكَمِ الْحَاكِمِينَ﴾ [3] قاتارلىق ئايەتلەردۇر.

«الحَاكِمُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى ۋە ھەقىقىي پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] ئەئراف سۈرىسى 87 - ئايەت.

[2] ھۇد سۈرىسى 45 - ئايەت.

[3] تىن سۈرىسى 8 - ئايەت.

# الوَدودُ / ئەلۋەدۇد

ئاللاھ تائالانىڭ «الوَدودُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿وَاسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُوا إِلَيْهِ إِنَّ رَبِّي رَحِيمٌ وَدُودٌ﴾[1]، ﴿وَهُوَ الْغَفُورُ الْوَدُودُ﴾[2] دېگەن ئايەتلەردە كەلگەن.

«الوَدودُ» ئاللاھ تائالانىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى ياراتقۇچى، ئۇنى بەندىلىرىنىڭ قەلبلىرىگە سالغۇچى، سالىھ بەندىلىرىنى ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر قىلغۇچى، بارچە مەخلۇقاتىغا ئىنئام قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] ھۇد سۈرىسى 90 - ئايەت.

[2] بۇرۇج سۈرىسى 14 - ئايەت.

# الْمَجِيدُ / ئەلمەجىد

ئاللاھ تائالانىڭ «الْمَجِيدُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿رَحْمَةُ اللَّهِ وَبَرَكَاتُهُ عَلَيْكُمْ أَهْلَ الْبَيْتِ إِنَّهُ حَمِيدٌ مَجِيدٌ﴾[1]، ﴿ذُو الْعَرْشِ الْمَجِيدُ﴾[2] دېگەن ئايەتلىرىدە كەلگەن.

«الْمَجِيدُ» ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق ھۆرمەت، ئىززەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] ھۇد سۈرىسى 73 - ئايەت.

[2] بۇرۇج سۈرىسى 15 - ئايەت.

# الشَّهِيدُ / ئەششەھىد

ئاللاھ تائالانىڭ «الشَّهِيدُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە 18 ئورۇندا كەلگەن. ﴿وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ﴾[1]، ﴿وَكَفَى بِاللَّهِ شَهِيدًا﴾ [2] دېگەن ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: ﴿وَكُنْتُ عَلَيْهِمْ شَهِيدًا مَا دُمْتُ فِيهِمْ فَلَمَّا تَوَفَّيْتَنِي كُنْتَ أَنْتَ الرَّقِيبَ عَلَيْهِمْ وَأَنْتَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ﴾[3].

«الشَّهِيدُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى كۆزەتكۈچى، ئۆزىنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە، ئادالەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىغا گۇۋاھ بولغۇچى، مۆمىنلەرنىڭ راستچىللىقىغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] مۇجادەلە سۈرىسى 6 - ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى 79 - ئايەت.

[3] مائىدە سۈرىسى 117 - ئايەت.

# المُبِينُ / ئەلمۇبىين

ئاللاھ تائالانىڭ «المُبِينُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿يَوْمَئِذٍ يُوَفِّيهِمُ اللَّهُ دِينَهُمُ الْحَقَّ وَيَعْلَمُونَ أَنَّ اللَّهَ هُوَ الْحَقُّ الْمُبِينُ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«المُبِينُ» ئاللاھ تائالانىڭ يەككە ـ يېگانە ئىلاھلىقىنىڭ روشەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، بەندىلىرىگە توغرا يولنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگۈچى، ياخشى ـ ياماننى ئېنىق بايان قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمدۇر.

[1] نۇر سۈرىسى 25 - ئايەت.

# الحَقُّ / ئەلھەق

ئاللاھ تائالانىڭ «الحَقُّ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿وَيَعْلَمُونَ أَنَّ اللَّهَ هُوَ الْحَقُّ الْمُبِينُ﴾[1]، ﴿ثُمَّ رُدُّوا إِلَى اللَّهِ مَوْلَاهُمُ الْحَقِّ﴾[2]، ﴿فَتَعَالَى اللَّهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ﴾[3] قاتارلىق كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە كەلگەن.

«الحَقُّ» ئاللاھ تائالانىڭ شەك ـ شۈبھىسىز ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، زاتىدا، ئىلاھلىقىدا، بارچە ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە ھەق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتكە باشلايدۇ، ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەق ئىگىلىرىنى قوللايدۇ ۋە ھەقىقەتنى ئېيتىدۇ.

---

[1] نۇر سۈرىسى 25 ـ ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى 62 ـ ئايەت.

[3] تاھا سۈرىسى 114 ـ ئايەت.

# الوَكِيلُ / ئەلۋەكىيل

ئاللاھ تائالانىڭ «الوَكِيلُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە 14 ئورۇندا كەلگەن. ﴿وَقَالُوا حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ﴾[1]، ﴿وَكَفَى بِاللَّهِ وَكِيلًا﴾[2]، ﴿وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ﴾[3]قاتارلىق ئايەتلەردە كەلگەن.

«الوَكِيلُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىلمى، قۇدرىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن تەسەررۇپ قىلغۇچى، مۆمىنلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغۇچى، ئۇلارغا دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ياردەم قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 173 - ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى 81 - ئايەت.

[3] ئەنئام سۈرىسى 102 - ئايەت.

# الفاطِر / ئەلفاتىر

ئاللاھ تائالانىڭ «الفاطِر» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە ئالتە ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ﴿فاطِرِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ﴾[1] دېگەن ئايەت شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«الفاطِر» ئاللاھ تائالانىڭ ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر. ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ فَاطِرِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ جَاعِلِ الْمَلَائِكَةِ رُسُلًا أُولِي أَجْنِحَةٍ مَثْنَى وَثُلَاثَ وَرُبَاعَ يَزِيدُ فِي الْخَلْقِ مَا يَشَاءُ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ «جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى ئاللاھقا خاستۇر! ئاللاھ ياراتقىنىدا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر»[2] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى 14 - ئايەت.

[2] فاتىر سۈرىسى 1 - ئايەت.

# الْقَوِيُّ / ئەلقەۋىي

ئاللاھ تائالانىڭ «الْقَوِيُّ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە توققۇز ئورۇندا كەلگەن. ﴿إِنَّ اللَّهَ قَوِيٌّ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾[1]، ﴿إِنَّ رَبَّكَ هُوَ الْقَوِيُّ الْعَزِيزُ﴾[2]، ﴿إِنَّ اللَّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ ذُو الْقُوَّةِ الْمَتِينُ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«الْقَوِيُّ» ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە، ھېچ نەرسىدىن ئاجىز كەلمەيدىغان، كۈچ ـ قۇدرىتى خوراپ كەتمەيدىغان، ئەڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] ئەنفال سۈرىسى 52 ـ ئايەت.

[2] ھۇد سۈرىسى 66 ـ ئايەت.

[3] زارىيات سۈرىسى 58 ـ ئايەت.

# الْمَتِينُ / ئەلمەتين

ئاللاھ تائالانىڭ «الْمَتِينُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿إِنَّ اللَّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ ذُو الْقُوَّةِ الْمَتِينُ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«الْمَتِينُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك، ھەممىدىن غالىب، كۈچ ـ قۇدرەتتە مۇتلەق كامالەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] زارىيات سۈرىسى 58 - ئايەت.

# الوَلِيُّ / ئەلۋەلىي

ئاللاھ تائالانىڭ «الوَلِيُّ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿وَهُوَ الْوَلِيُّ الْحَمِيدُ﴾[1]، ﴿اللَّهُ وَلِيُّ الَّذِينَ آمَنُوا﴾[2] قاتارلىق ئايەتلىرىدە كەلگەن.

«الوَلِيُّ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنىڭ ئىگىسى، ھەممىگە نېمەت بەرگۈچى، مۆمىنلەرگە ياردەم قىلغۇچى، مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزى يالغۇز ئىگە بولغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] شۇرا سۈرىسى 28 - ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى 157 - ئايەت.

## المَوْلَى / ئەلمەۋلا

ئاللاھ تائالانىڭ «المَوْلَى» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە 12 ئورۇندا كەلگەن. ﴿أَنْتَ مَوْلَانَا فَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ﴾[1]، ﴿وَاعْتَصِمُوا بِاللَّهِ هُوَ مَوْلَاكُمْ فَنِعْمَ الْمَوْلَى وَنِعْمَ النَّصِيرُ﴾[2]، ﴿بَلِ اللَّهُ مَوْلَاكُمْ وَهُوَ خَيْرُ النَّاصِرِينَ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«المَوْلَى» ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇداتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى، مۆمىنلەرنى قوللىغۇچى ۋە ياردەم قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] بەقەرە سۈرىسى 286 - ئايەت.

[2] ھەج سۈرىسى 78 - ئايەت.

[3] ئال ئىمران سۈرىسى 150 - ئايەت.

# الْحَمِيدُ / ئەلھەمىد

ئاللاھ تائالانىڭ «الْحَمِيدُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە 17 ئورۇندا كەلگەن. ﴿وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ﴾[1]، ﴿وَهُوَ الْوَلِيُّ الْحَمِيدُ﴾[2]، ﴿وَمَا نَقَمُوا مِنْهُمْ إِلَّا أَنْ يُؤْمِنُوا بِاللَّهِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«الْحَمِيدُ» ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ھەمدۇسانالارغا ۋە بارچە مەدھىيەلەرگە تامامەن ھەقلىق ۋە سازاۋەر بولغۇچى، بەندىلىرى تەرىپىدىن ھەمىشە مەدھىيەلەنگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمدۇر.

[1] بەقەرە سۈرىسى 267 - ئايەت.

[2] شۇرا سۈرىسى 28 - ئايەت.

[3] بۇرۇج سۈرىسى 8 - ئايەت.

# الحَيُّ / ئەلهەييۇ

ئاللاھ تائالانىڭ «الحَيُّ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە بەش ئورۇندا كەلگەن. ﴿اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ﴾[1]، ﴿وَعَنَتِ الْوُجُوهُ لِلْحَيِّ الْقَيُّومِ وَقَدْ خَابَ مَنْ حَمَلَ ظُلْمًا﴾[2]، ﴿وَتَوَكَّلْ عَلَى الْحَيِّ الَّذِي لَا يَمُوتُ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«الحَيُّ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەمىشە ھايات ئىكەنلىكىنى، مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئىگىسى ۋە ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 2 - ئايەت.

[2] تاھا سۈرىسى 111 - ئايەت.

[3] فۇرقان سۈرىسى 58 - ئايەت.

# الْقَيُّومُ / ئەلقەييۇم

ئاللاھ تائالانىڭ «الْقَيُّومُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ﴾[1]، ﴿وَعَنَتِ الْوُجُوهُ لِلْحَيِّ الْقَيُّومِ وَقَدْ خَابَ مَنْ حَمَلَ ظُلْمًا﴾[2] قاتارلىق ئايەتلىرىدە كەلگەن.

«الْقَيُّومُ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى، مەخلۇقاتنىڭ ياردىمىدىن بىھاجەت بولغۇچى، بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنىڭ ۋە گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ، تېگىشلىك مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 2 - ئايەت.

[2] تاھا سۈرىسى 111 - ئايەت.

# الوَاحِدُ / ئەلۋاھىد

ئاللاھ تائالانىڭ «الوَاحِدُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە 22 ئورۇندا كەلگەن. ئۇلار: ﴿وَإِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الرَّحْمَنُ الرَّحِيمُ﴾[1]، ﴿قُلِ اللَّهُ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ الْوَاحِدُ الْقَهَّارُ﴾[2]، ﴿يَوْمَ تُبَدَّلُ الْأَرْضُ غَيْرَ الْأَرْضِ وَالسَّمَوَاتُ وَبَرَزُوا لِلَّهِ الْوَاحِدِ الْقَهَّارِ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەردۇر.

«الوَاحِدُ» ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، ھېچبىر شېرىكى يوقلۇقىنى، زاتىدا ۋە بارلىق سۈپەتلىرىدە تەڭدىشى يوقلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 183 - ئايەت.

[2] رەئد سۈرىسى 16 - ئايەت.

[3] ئىبراھىم سۈرىسى 48 - ئايەت.

# الأَحَدُ / ئەلئەھەد

ئاللاھ تائالانىڭ «الأَحَدُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىخلاس سۈرىسىدە كەلگەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ. اللَّهُ الصَّمَدُ. لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ. وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ﴾ دېگەن سۈرىدۇر.

«الأَحَدُ» ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىدە تەڭداشسىز ۋە مىسلىسىز ئىكەنلىكىنى، ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىمۇ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

## الصَّمَدُ / ئەسسەمەد

ئاللاھ تائالانىڭ «الصَّمَدُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىخلاس سۈرىسىدىلا كەلگەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ. اللَّهُ الصَّمَدُ. لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ. وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ﴾ دېگەن سۈرىدۇر.

«الصَّمَدُ» ئاللاھ تائالانىڭ ھېچكىمگە موھتاج بولمىغان، خوجايىنلىقىدا، مەخلۇقات ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىدا تەڭدىشى بولمىغان، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج بولغان، مەخلۇقاتنى رىزىقلاندۇرىدىغان ۋە ئۇلاردىن رىزىق كۈتمەيدىغان يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

# القَادِرُ / ئەلقادىر

ئاللاھ تائالانىڭ «القَادِرُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە 12 ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن بەش ئورۇندىكىسى كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەن. ﴿قُلْ هُوَ الْقَادِرُ عَلَى أَنْ يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عَذَابًا مِنْ فَوْقِكُمْ أَوْ مِنْ تَحْتِ أَرْجُلِكُمْ أَوْ يَلْبِسَكُمْ شِيَعًا وَيُذِيقَ بَعْضَكُمْ بَأْسَ بَعْضٍ انْظُرْ كَيْفَ نُصَرِّفُ الْآيَاتِ لَعَلَّهُمْ يَفْقَهُونَ﴾[1]، ﴿وَإِنَّا عَلَى أَنْ نُرِيَكَ مَا نَعِدُهُمْ لَقَادِرُونَ﴾[2] قاتارلىق ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«القَادِرُ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان، ئاسمان ۋە زېمىندا ھېچقانداق ئىشتىن ئاجىز كەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى 65 - ئايەت.

[2] مۇئمىنۇن سۈرىسى 95 - ئايەت.

# الْقَدِيرُ / ئەلقەدىير

ئاللاھ تائالانىڭ «الْقَدِيرُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە 45 ئورۇندا كەلگەن. ﴿إِنَّ اللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾[1]، ﴿وَإِنَّ اللَّهَ عَلَىٰ نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ﴾[2]، ﴿فَإِنَّ اللَّهَ كَانَ عَفُوًّا قَدِيرًا﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«الْقَدِيرُ» ئاللاھ تائالانىڭ ناھايىتى زور كۈچ ـ قۇدرەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] بەقەرە سۈرىسى 148 ـ ئايەت.

[2] ھەج سۈرىسى 39 ـ ئايەت.

[3] نىسا سۈرىسى 149 ـ ئايەت.

# الْمُقْتَدِرْ / ئەلمۇقتەدىر

ئاللاھ تائالانىڭ «الْمُقْتَدِرْ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿وَكَانَ اللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ مُقْتَدِرًا﴾[1]، ﴿فَأَخَذْنَاهُمْ أَخْذَ عَزِيزٍ مُقْتَدِرٍ﴾[2]، ﴿أَوْ نُرِيَنَّكَ الَّذِي وَعَدْنَاهُمْ فَإِنَّا عَلَيْهِمْ مُقْتَدِرُونَ﴾[3]قاتارلىق ئايەتلەردە كەلگەن.

«الْمُقْتَدِرْ» ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى تەقدىر قىلغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تەڭداشسىز كۈچ - قۇۋۋەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمدۇر.

---

[1] كەھف سۈرىسى 45 - ئايەت.

[2] قەمەر سۈرىسى 42 - ئايەت.

[3] زۇخرۇف سۈرىسى 42 - ئايەت.

## الأَوَّلُ،الآخِرُ / ئەلئەۋۋەل، ئەلئاخىر

ئاللاھ تائالانىڭ «الأَوَّلُ، الآخِرُ» دېگەن ئىسىملىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿هُوَ الْأَوَّلُ وَالْآخِرُ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن. «سەھىھ مۇسلىم»دا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دۇئا قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان: «أَنْتَ الْأَوَّلُ لَيْسَ قَبْلَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الْآخِرُ لَيْسَ بَعْدَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الظَّاهِرُ لَيْسَ فَوْقَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الْبَاطِنُ لَيْسَ دُونَكَ شَيْءٌ، اِقْضِ عَنَّا الدَّيْنَ وَاغْنِنَا مِنَ الْفَقْرِ» يەنى ئى ئاللاھ! سەن ئاۋۋالسەن سەندىن ئىلگىرى ھېچ نەرسە يوقتۇر، سەن ئاخىرسەن سەندىن باشقا ھېچ نەرسە يوقتۇر، سەن ئاشكارىسەن، سەندىن ئۈچۈق ھېچ نەرسە يوقتۇر، سەن مەخپىيسەن، سەندىن مەخپىي ھېچ نەرسە يوقتۇر، بىزنى قەرزدارلىقتىن قۇتقۇزغىن ۋە پېقىرلىقتىن ئازاد قىلغىن»[2].

«الأَوَّلُ، الآخِرُ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىدىن بۇرۇن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ھېچ نەرسە يوق ۋاقىتتىمۇ، ھەممە نەرسە يوق بولغاندىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملىرىدۇر.

---

[1] ھەدىد سۈرىسى 3 - ئايەت.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## الظَّاهِرُ، البَاطِنُ / ئەززاھىر، ئەلباتىن

ئاللاھ تائالانىڭ «الظَّاهِرُ، البَاطِنُ» دېگەن ئىسىملىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿هُوَ الْأَوَّلُ وَالْآخِرُ وَالظَّاهِرُ وَالْبَاطِنُ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«الظَّاهِرُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان گۈزەل سەنئەتلىرى ۋە ئەقىللەرنى قايىل قىلىدىغان دەلىل ـ پاكىتلىرى بىلەن ئاشكارا ئىكەنلىكىنى، ھەممىگە غالىب كەلگۈچى، ھەقىقىي مۆمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

«البَاطِنُ» ئاللاھ تائالانىڭ كۆز بىلەن كۆرۈلۈشتىن مەخپىي، ئەڭ مەخپىي ئىشلارنىمۇ بىلگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

[1] ھەدىد سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

# البَرُّ / ئەلبەررۇ

ئاللاھ تائالانىڭ «البَرُّ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿إِنَّا كُنَّا مِنْ قَبْلُ نَدْعُوهُ إِنَّهُ هُوَ الْبَرُّ الرَّحِيمُ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«البَرُّ» ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا ـ ئېھسانلىرىنىڭ، ئىنئاملىرىنىڭ ۋە جىمى ياخشىلىقلىرىنىڭ كائىناتتىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمىي ئىكەنلىكىنى، بەندىلىرىگە ئىنتايىن شەپقەتلىك، بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ئەجىر ـ ساۋاب بېرىدىغان، گۇناھ قىلغان بەندىلىرىنى ئالدىراپ جازالىمايدىغان زات ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

[1] تۇر سۈرىسى 28 ـ ئايەت.

# التَّوابُ / ئەتتەۋۋاب

ئاللاھ تائالانىڭ «التَّوابُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿رَبَّنَا وَاجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِنْ ذُرِّيَّتِنَا أُمَّةً مُسْلِمَةً لَكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَا إِنَّكَ أَنْتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«التَّوابُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغۇچى ۋە تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىلىرىنى ناھايىتى بەك قوبۇل قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 128 - ئايەت.

# الرَّبُّ / ئەررەب

ئاللاھ تائالانىڭ «الرَّبُّ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە كەلگەن بولۇپ، ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾[1]، ﴿سَلَامٌ قَوْلًا مِنْ رَبٍّ رَحِيمٍ﴾[2]، ﴿وَاشْكُرُوا لَهُ بَلْدَةٌ طَيِّبَةٌ وَرَبٌّ غَفُورٌ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەرنىڭ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«الرَّبُّ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنىڭ ئىگىسى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، نېمەتلىرى ۋە ئاتا ـ ئېھسانلىرى بىلەن جىمى مەخلۇقاتنى پەرۋىش قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] فاتىھە سۈرىسى 1 - ئايەت.

[2] ياسىن سۈرىسى 58 - ئايەت.

[3] سەبەئ سۈرىسى 15 - ئايەت.

# الرّءوفُ / ئەررەئۇۋف

ئاللاھ تائالانىڭ «الرّءوفُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە ئون ئايەتتە كەلگەن. ﴿إِنَّ اللَّهَ بِالنَّاسِ لَرَءُوفٌ رَحِيمٌ﴾[1]، ﴿وَأَنَّ اللَّهَ رَءُوفٌ رَحِيمٌ﴾[2]، ﴿وَاللَّهُ رَءُوفٌ بِالْعِبَادِ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«الرّءوفُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئىنتايىن رەھىم – شەپقەتلىك، تولىمۇ كۆيۈمچان ۋە ھەممىدىن بەك مېھرىبان ئىكەنلىكىنى، مۆمىن بەندىلىرىگە ئالاھىدە شەپقەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 143 - ئايەت.

[2] نۇر سۈرىسى 20 - ئايەت.

[3] بەقەرە سۈرىسى 207 - ئايەت.

# ذُوالْجَلاَلِ وَالإِكْرَامِ / زۇلجەلالى ۋەلئىكرام

ئاللاھ تائالانىڭ «ذُوالْجَلاَلِ وَالإِكْرَامِ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿وَيَبْقَى وَجْهُ رَبِّكَ ذُو الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ﴾[1]، ﴿تَبَارَكَ اسْمُ رَبِّكَ ذِي الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ﴾[2] دېگەن ئايەتلىرىدە كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن سالام بەرگەندىن كېيىن «اَسْتَغْفِرُاللّٰهَ اَسْتَغْفِرُاللّٰهَ اَسْتَغْفِرُاللّٰهَ، اَللّٰهُمَّ اَنْتَ السَّلَامُ، وَ مِنْكَ السَّلَامُ، تَبَارَكْتَ يَاذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ»[3] دەيتتى.

«ذُوالْجَلاَلِ وَالإِكْرَامِ» ئاللاھ تائالانىڭ زاتىنىڭ، ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ، دىنىنىڭ ۋە ئاللاھ تائالاغا ئۆزگە مەنسۇپ قىلغان ھەممە نەرسىنىڭ ناھايىتى مۇقەددەسلىكى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى، مەغپىرىتىنى ۋە جەننىتىنى ئىنئام قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

«ذُوالْجَلاَلِ وَالإِكْرَامِ» دېگەن بۇ ئىسىم «ئىسمۇلئەئزەم» قاتارىدا بايان قىلىنغان. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەسچىتتە ئولتۇراتتۇق، بىر ئادەم: «اَللّٰهُمَّ اِنِّي اَسْأَلُكَ بِأَنَّ لَكَ الْحَمْدُ

---

[1] رەھمان سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

[2] رەھمان سۈرىسى 78 ـ ئايەت.

[3] «سەھىھ مۇسلىم» 592 ـ ھەدىس.

لَآاِلٰهَ اِلاَّ أَنْتَ الْحَنّانُ الْمَنّانُ بَدِيْعُ السَّماوَاتِ وَالأَرْضِ، يـاذَا الْجَلاَلِ وَالإِكْـرامِ، يا حَيُّ يـا قَيّـوُمُ اَسْـلُكَ» «ئى ئاللاھ! سېنىڭ پەزل ـ كەرەمىڭنى تىلەيمەن، ھەقىقەتەن پۈتۈن ھەمدۇسانالار ساڭا خاستۇر، سەندىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، سەن تولىمۇ شەپقەتلىكسەن، ناھايىتى ئاتا ـ ئېھسان قىلغۇچىسەن، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتقان خالىقسەن، ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك ئىلاھىم! ئى ھەمىشە تىرىك بولغۇچى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى رەببىم! سەندىن (ھاجەتلىرىمنى) تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلىۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاقىتتا: «بۇ ئادەم ئۇنى ئوقۇپ نېمە تىلىسە بېرىلىدىغان ۋە دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئىسمۇلئەزەم بىلەن دۇئا قىلدى»[1]» دېدى.

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

## ذُوالطَّوْلِ / زۇتتەۋل

ئاللاھ تائالانىڭ «ذُوالطَّوْلِ» دېگەن سۈپىتى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿تَنْزِيلُ الْكِتَابِ مِنَ اللَّهِ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ. غَافِرِ الذَّنْبِ وَقَابِلِ التَّوْبِ شَدِيدِ الْعِقَابِ ذِى الطَّوْلِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ إِلَيْهِ الْمَصِيرُ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«ذُوالطَّوْلِ» ئاللاھ تائالانىڭ ئىنتايىن كۆپ ئاتا ـ ئېھسان قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ۋە بەندىلىرىگە قانچىلىك كۆپ بەرسىمۇ خەزىنىسى تۈگەپ قالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

[1] غافىر سۈرىسى 2 ـ 3 ـ ئايەتلەر.

# الغَنِيُّ / ئەلغەنى

ئاللاھ تائالانىڭ «الغَنِيُّ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە 18 ئورۇندا كەلگەن. ﴿قَوْلٌ مَعْرُوفٌ وَمَغْفِرَةٌ خَيْرٌ مِنْ صَدَقَةٍ يَتْبَعُهَا أَذًى وَاللَّهُ غَنِيٌّ حَلِيمٌ﴾[1]، ﴿وَرَبُّكَ الْغَنِيُّ ذُو الرَّحْمَةِ﴾[2]، ﴿فَإِنَّ رَبِّي غَنِيٌّ كَرِيمٌ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«الغَنِيُّ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىدىن بىھاجەت ئىكەنلىكىنى، بەندىلىرىنىڭ ئىبادىتىگە ياكى تەۋبىسىگە موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر. ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ أَنْتُمُ الْفُقَرَاءُ إِلَى اللَّهِ وَاللَّهُ هُوَ الْغَنِيُّ الْحَمِيدُ﴾ «ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھقا موھتاجسىلەر، پەقەت ئاللاھ (ھەممىدىن) بىھاجەت بولغۇچى ۋە مەدھىيەگە لايىق زاتتۇر»[4] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

[1] بەقەرە سۈرىسى 263 - ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى 133 - ئايەت.

[3] نەمل سۈرىسى 40 - ئايەت.

[4] فاتىر سۈرىسى 15 - ئايەت.

# النُّورُ / ئەننۇر

ئاللاھ تائالانىڭ «النُّورُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿اللَّهُ نُورُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ مَثَلُ نُورِهِ كَمِشْكَاةٍ فِيهَا مِصْبَاحٌ الْمِصْبَاحُ فِى زُجَاجَةٍ الزُّجَاجَةُ كَأَنَّهَا كَوْكَبٌ دُرِّيٌّ يُوقَدُ مِنْ شَجَرَةٍ مُبَارَكَةٍ زَيْتُونَةٍ لَا شَرْقِيَّةٍ وَلَا غَرْبِيَّةٍ يَكَادُ زَيْتُهَا يُضِيءُ وَلَوْ لَمْ تَمْسَسْهُ نَارٌ نُورٌ عَلَى نُورٍ يَهْدِى اللَّهُ لِنُورِهِ مَنْ يَشَاءُ وَيَضْرِبُ اللَّهُ الْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ وَاللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«النُّورُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ سۈپىتىدۇر. ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ نۇرى، مۆمىنلەرنىڭ قەلبىنىڭ نۇرىدۇر. بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئاللاھنىڭ پەردىسى نۇردۇر»[2] دەپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «اَللَّهُمَّ اجْعَلْ فِي قَلْبِي نُوراً، وفي بَصَرِي نُوراً، وَفِي سَمْعِي نُوراً، وَعَنْ يَمِيْنِي نُوراً، وَعَنْ يَسَارِي نُوراً، وَفَوْقِي نُوراً، وَتَحْتِي نُوراً، وَأَمَامِي نُوراً، وَخَلْفِي نُوراً، وَأَعْظِمْ لِي نُوراً» «ئى ئاللاھ! دىلىمنى ئاق قىلغىن، كۆزۈمنى نۇرلۇق قىلغىن، قۇلىقىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئوڭ ۋە سول تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئۈستى ۋە ئاستى تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن،

---

[1] نۇر سۈرىسى 35 - ئايەت.

[2] «سەھىھ مۇسلىم» 179 - ھەدىس.

ئالـدى ۋە كەينـى تەرىپىمنـى نۇرلـۇق قىلغـىن ۋە ماڭا ئاتـا قىلغـان نۇرۇڭنــى كاتتــا قىلغــىن»[1].

---

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

# اَلْهَادِي / ئەلھادىي

ئاللاھ تائالانىڭ «اَلْهَادِي» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿وَكَفَى بِرَبِّكَ هَادِيًا وَنَصِيرًا﴾[1]، ﴿وَإِنَّ اللّٰهَ لَهَادِ الَّذِينَ آمَنُوا إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ﴾[2] دېگەن ئايەتلىرىدە كەلگەن.

«اَلْهَادِي» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئىماننىڭ يولىنى، ئىككى ئالەملىك بەختلىك ھايات كەچۈرۈش ئۇسۇللىرىنى، ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى كۆرسەتكۈچى، ھەتتا ئۇچارقانات، ھايۋان ۋە بارلىق جانلىقلارغا ياشاش قانۇنىيىتىنى، ئۆزىنى قوغداش يوللىرىنى ئۆگەتكۈچى، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە مەنپەئەتلىك ئىشلارغا يېتەكلىگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر. ﴿وَكَفَى بِرَبِّكَ هَادِيًا وَنَصِيرًا﴾ «يول كۆرسەتكۈچى ۋە ياردەمچى بولۇشقا رەببىڭ يېتەرلىكتۇر»[3] دېگەن ئايەت بۇنى تەكىتلەيدۇ.

---

[1] فۇرقان سۈرىسى 31 - ئايەت.

[2] ھەج سۈرىسى 54 - ئايەت.

[3] فۇرقان سۈرىسى 32 - ئايەت.

# الْبَدِيعُ / ئەلبەدىئ

ئاللاھ تائالا «البَدِيعُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿بَدِيعُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَإِذَا قَضَى أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُ كُنْ فَيَكُونُ﴾[1]، ﴿بَدِيعُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ أَنَّى يَكُونُ لَهُ وَلَدٌ وَلَمْ تَكُنْ لَهُ صَاحِبَةٌ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾[2] دېگەن ئايەتلىرىدە كەلگەن.

«البَدِيعُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئۈرنەكسىز ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى، ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە بارچە كائىناتنى بىرەر نەمۇنە، بىرەر ئۈرنەككە ھاجەت بولماستىن ئۆز ھېكمىتى ۋە ئىلمى بىلەن ياراتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 117 - ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى 101 - ئايەت.

# الحَفِيُّ / ئەلهەفي

ئاللاھ تائالانىڭ «الحَفِيُّ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿كَأَنَّكَ حَفِيٌّ عَنْهَا﴾[1]، ﴿إِنَّهُ كَانَ بِي حَفِيًّا﴾[2] قاتارلىق ئايەتلەردە كەلگەن.

«الحَفِيُّ» ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە ناھايىتى بەك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا كۆتۈلمىگەن ئەھۋالدىمۇ ياخشىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر. «الحَفِيُّ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بەك كۆڭۈل بۆلگۈچى دېگەنلىك بولۇپ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىگە ۋە مۇئمىن بەندىلىرىگە ناھايىتى بەك كۆڭۈل بۆلگۈچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر. ئۇلارنىڭ بېشىغا قاتتىق كۈنلەر كېلىپ، سەۋەبلەر ئاجىز كەلگەندە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دەرھال ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «باياشاتلىق ۋاقىتلىرىڭدا ئاللاھنى رازى قىلىدىغان ئەمەللەرنى ئوبدان قىلغىن، بېشىڭغا كۈن كەلگەندە، ئاللاھ سېنى تاشلىۋەتمەيدۇ»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 187 - ئايەت.

[2] مەريەم سۈرىسى: 47 - ئايەت.

[3] «سەھىھ مۇسلىم» 1646 - ھەدىس.

## النَّاصِرُ / ئەنناسىر

ئاللاھ تائالانىڭ «النَّاصِرُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە كۆپلۈك شەكلى بىلەن «خَيْرُ النَّاصِرِينَ» دەپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ﴿بَلِ اللَّهُ مَوْلَاكُمْ وَهُوَ خَيْرُ النَّاصِرِينَ﴾[1] دېگەن ئايەتتۇر.

«النَّاصِرُ» ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان بەندىلىرىگە، خۇسۇسەن پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ھەقىقىي مۆمىنلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلغۇچى، ئۇلارنى تائەت ـ ئىبادەتكە مۇۋەپپەق قىلغۇچى، ئازغۇنلۇقتىن ساقلىغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمدۇر. ﴿إِنَّا لَنَنْصُرُ رُسُلَنَا وَالَّذِينَ آمَنُوا فِى الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيَوْمَ يَقُومُ الْأَشْهَادُ﴾[2] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 150 - ئايەت.

[2] غافىر سۈرىسى 51 - ئايەت.

## النَّصِيرُ / ئەننەسىر

ئاللاھ تائالانىڭ «النَّصِيرُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿وَكَفَى بِرَبِّكَ هَادِيًا وَنَصِيرًا﴾[1]، ﴿نِعْمَ الْمَوْلَى وَنِعْمَ النَّصِيرُ﴾[2]، ﴿وَاعْتَصِمُوا بِاللَّهِ هُوَ مَوْلَاكُمْ فَنِعْمَ الْمَوْلَى وَنِعْمَ النَّصِيرُ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەردە كەلگەن.

«النَّصِيرُ» ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان بەندىلىرىگە ناھايىتى كاتتا ۋە ھېسابسىز نۇسرەت ئاتا قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] فۇرقان سۈرىسى 31 - ئايەت.

[2] ئەنفال سۈرىسى 40 - ئايەت.

[3] ھەج سۈرىسى 78 - ئايەت.

## رَفِيع الدَرَجَاتِ/ رەفىئۇددەرەجات

ئاللاھ تائالانىڭ «رَفِيع الدَرَجَاتِ» دېگەن سۈپىتى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿رَفِيعُ الدَّرَجَاتِ ذُو الْعَرْشِ﴾ [1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«رَفِيع الدَرَجَاتِ» ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، مۇقەددەسلىكىنى، كامالىي قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى بىلدۈرگەندەك، ئاللاھ تائالانىڭ سالىھ بەندىلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى بۇ دۇنيادا بەخت ـ سائادەتلىك بىر ھاياتتا ياشىتىش بىلەن، ئاخىرەتتە بولسا جەننەتكە ۋە ئۆزىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرۈش بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

[1] غافىر سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

## الْمُسْتَعَانُ / ئەلمۇستەئان

ئاللاھ تائالانىڭ «الْمُسْتَعَانُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿وَاللَّهُ الْمُسْتَعَانُ عَلَى مَا تَصِفُونَ﴾ [1]، ﴿قَالَ رَبِّ احْكُمْ بِالْحَقِّ وَرَبُّنَا الرَّحْمَنُ الْمُسْتَعَانُ عَلَى مَا تَصِفُونَ﴾[2] دېگەن ئايەتلىرىدە كەلگەن.

«الْمُسْتَعَانُ» ئاللاھ تائالانىڭ مەدەت ۋە ياردەم سورالغۇچى ۋە خالىغان بەندىلىرىگە ياردەم بەرگۈچى بىردىنبىر مەدەتكار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] يۇسۇف سۈرىسى 18 - ئايەت.

[2] ئەنبىيا سۈرىسى 112 - ئايەت.

# الْمُحِيطُ / ئەلمۇھىيت

ئاللاھ تائالانىڭ «الْمُحِيطُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە سەككىزئورۇندا كەلگەن. ﴿وَاللَّهُ مُحِيطٌ بِالْكَافِرِينَ﴾[1]، ﴿وَاللَّهُ مِنْ وَرَائِهِمْ مُحِيطٌ﴾[2]، ﴿وَكَانَ اللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ مُحِيطًا﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەرنىڭ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«الْمُحِيطُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى، قۇدرىتى ۋە ھاكىمىيىتى بىلەن ھەممىنى قورشاپ تۇرغۇچى، مەخلۇقاتنىڭ جىمى ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ قورشاپ تۇرۇشى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، ئومۇمىي قورشاش بولۇپ، كاپىر، مۇسۇلمان، تەقۋا، پاسىق ھەممە بەندىسىنى قورشاپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى، يەنە بىرى خاس قورشاش بولۇپ كاپىرلارنىڭ، زالىملارنىڭ ۋە گۇناھكارلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 19 - ئايەت.

[2] بۇرۇج سۈرىسى 20 - ئايەت.

[3] نىسا سۈرىسى 126 - ئايەت.

# الإِلَهُ / ئەلئىلاھ

ئاللاھ تائالانىڭ «الإِلَهُ» دېگەن بۇ ئۇلۇغ ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپ ئايەتلىرىدە ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن. ﴿وَهُوَ الَّذِى فِى السَّمَاءِ إِلَهٌ وَفِى الْأَرْضِ إِلَهٌ وَهُوَ الْحَكِيمُ الْعَلِيمُ﴾[1]، ﴿لَقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُوا إِنَّ اللَّه ثَالِثُ ثَلَاثَةٍ وَمَا مِنْ إِلَهٍ إِلَّا إِلَهٌ وَاحِدٌ﴾[2]، ﴿وَإِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«الإِلَهُ» ئاللاھ تائالانىڭ ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان يەككە ـ يېگانە مەبۇد بەرھەق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمى بولۇپ، «لَآاِلَهَ اِلاّ اللّٰه» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

---

[1] زۇخرۇف سۈرىسى 84 - ئايەت.

[2] مائىدە سۈرىسى 72 - ئايەت.

[3] بەقەرە سۈرىسى 163 - ئايەت.

# الوَارِثُ / ئەلۋارىس

ئاللاھ تائالا «الوَارِثُ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿وَإِنَّا لَنَحْنُ نُحْيِي وَنُمِيتُ وَنَحْنُ الْوَارِثُونَ﴾[1]، ﴿رَبِّ لَا تَذَرْنِي فَرْدًا وَأَنْتَ خَيْرُ الْوَارِثِينَ﴾[2]، ﴿إِنَّا نَحْنُ نَرِثُ الْأَرْضَ وَمَنْ عَلَيْهَا﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەردە كەلگەن.

«الوَارِثُ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەممە نەرسە پانىيلىققا يۈز تۇتقان ۋە پۈتۈن مەۋجۇدات يوقالغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر. ۋارىسلىق ئىنسانلارغا نىسبەتەن مال ـ مۈلۈكنىڭ بىر شەخستىن يەنە بىر شەخسكە يۆتكىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ، ئەمما ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن، ئۇنىڭ ھەممە نەرسە يوقالغاندىن كېيىنمۇ ھەممىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ھەممە كېتىپ بولغاندىن كېيىن قالغۇچى ۋارىستۇر.

---

[1] ھىجر سۈرىسى 23 ـ ئايەت.

[2] ئەنبىيا سۈرىسى 89 ـ ئايەت.

[3] مەريەم سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

# ذُو الفَضلِ / زۇلفەزل

ئاللاھ تائالانىڭ «ذُو الفَضلِ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە ئون ئىككى ئورۇندا كەلگەن. ﴿وَاللَّهُ يَخْتَصُّ بِرَحْمَتِهِ مَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيمِ﴾[1]، ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنْ تَتَّقُوا اللَّهَ يَجْعَلْ لَكُمْ فُرْقَانًا وَيُكَفِّرْ عَنْكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللَّهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيمِ﴾[2]، ﴿وَأَنَّ الْفَضْلَ بِيَدِ اللَّهِ يُؤْتِيهِ مَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيمِ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«ذُو الفَضلِ» ئاللاھ تائالانىڭ ناھايىتى كۆپ ئاتا ـ ئېھسان قىلغۇچى ۋە خالىغان بەندىسىگە ئاشۇرۇپ بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 105 ـ ئايەت.

[2] ئەنفال سۈرىسى 29 ـ ئايەت.

[3] ھەدىد سۈرىسى 29 ـ ئايەت.

# ذُو المَعَارِجِ / زۇلمەئارىج

ئاللاھ تائالانىڭ «ذُو المَعَارِجِ» دېگەن ئىسمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿سَأَلَ سَائِلٌ بِعَذَابٍ وَاقِعٍ . لِلْكَافِرِينَ لَيْسَ لَهُ دَافِعٌ . مِنَ اللَّهِ ذِي الْمَعَارِجِ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن.

«ذُو المَعَارِجِ» ئاللاھ تائالانىڭ ئىنتايىن يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى ۋە مۆمىنلەرنىڭ جانلىرىنىڭ ئۆرلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمدۇر. ﴿إِلَيْهِ يَصْعَدُ الْكَلِمُ الطَّيِّبُ وَالْعَمَلُ الصَّالِحُ يَرْفَعُهُ﴾ «ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ»[2] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] مەئارىج سۈرىسى 1 - 3 - ئايەتلەر.

[2] فاتىر سۈرىسى: 10 - ئايەت.

# الْمَنَّانُ / ئەلمەننان

ئاللاھ تائالانىڭ «الْمَنَّانُ» دېگەن ئىسمى ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەسچىتتە ئولتۇراتتۇق، بىر ئادەم: «اَللَهُمَّ اِنِّي اَسْأَلُكَ بِأَنَّ لَكَ الْحَمْدُ لاَاِلَهَ اِلاَّ أَنْتَ الْحَنَّانُ الْمَنَّانُ بَدِيْعُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ، يَاذَا الْجَلاَلِ وَالإِكْرَامِ، يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ اَسْئَلُكَ» يەنى «ئى ئاللاھ! سېنىڭ پەزل ـ كەرەمىڭنى تىلەيمەن، ھەقىقەتەن پۈتۈن ھەمدۇ سانالار ساڭا خاستۇر، سەندىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، سەن تولىمۇ شەپقەتلىكسەن، ناھايىتى ئاتا ـ ئېھسان قىلغۇچىسەن، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتقان خالىقسەن، ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك ئىلاھىم! ئى ھەمىشە تىرىك بولغۇچى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى رەببىم! سەندىن (ھاجەتلىرىمنى) تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلىۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاقىتتا: «بۇ ئادەم ئۇنى ئوقۇپ نېمە تىلىسە بېرىلىدىغان ۋە دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئىسمى ئەزەم بىلەن دۇئا قىلدى»[1] دېدى.

«الْمَنَّانُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ناھايىتى كۆپ ئاتا ـ ئېھسان قىلغۇچى،كۆپلەپ نېمەت بەرگۈچى كەرەملىك زات ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

# الطَّيِّبُ / ئەتتەييب

ئاللاھ تائالانىڭ «الطَّيِّبُ» دېگەن ئىسمى سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إن الله طيّبٌ لا يقبل إلا طيبًا» «ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ پاك بولغاننىلا قوبۇل قىلىدۇ»[1].

«الطَّيِّبُ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەرقانداق ئەيىب ۋە نۇقسانلاردىن خالىي ۋە پاك ئىكەنلىكىنى، قەلبى پاك، نىيىتى توغرا ۋە تاپقانلىرى ھالالدىن بولغان كىشىلەرنىڭ ئىبادەت ۋە دۇئالىرىنى قوبۇل قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] «سەھىھ مۇسلىم» 1015 - ھەدىس.

# الوِتْرُ / ئەلۋىتر

ئاللاھ تائالانىڭ «الوِتْرُ» دېگەن ئىسمى سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يا أهل القرآن، أوتروا، فإن الله وترٌ يحبُّ الوتر» «ئى قۇرئان ئەھلى! ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇڭلار، ئاللاھ تاقتۇر (يەنى جۈپتى يوق)، ئۇ تاق ئىبادەتلەرنى ياخشى كۆرىدۇ»[1]. مەسىلەن: بەش ۋاخ ناماز، تاۋاپ، سەئيى، شەيتانغا ئاتىدىغان تاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جۈپ ئەمەس، تاقتۇر.

«الوِتْرُ» ئاللاھ تائالانىڭ شېرىكى ياكى ياردەمچىسى ياكى بالىسى ۋەياكى ئوخشىشى بولمىغان يەككە - يېگانە زات ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] ئىمام ئەھمەد، نەسائىي ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

## اَلْمُقَدِّمُ، اَلْمُؤَخِّرُ/ئەلمۇقەددىم، ئەلمۇئەخخىر

ئاللاھ تائالانىڭ «اَلْمُقَدِّمُ، اَلْمُؤَخِّرُ» دېگەن ئىسىملىرى سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي مَاقَدَّمْتُ وَمَاأَخَّرْتُ، وَمَاأَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ، وَمَا اَسْرَفْتُ وَمَا اَنْتَ اَعْلَمُ بِهِ مِنِّي اَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَأَنْتَ الْمُؤَخِّرُ، لاَإِلَهَ إلاَّأَنْتَ» «ئى ئاللاھ! ئىلگىرى قىلغان ۋە كېيىن قىلغان، ئاشكارا قىلغان ۋە يوشۇرۇن قىلغان جىمى گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. سېنىڭ باشلىنىشىڭ يوق، سەن مەڭگۈلۈكسەن، سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر»[1].

«اَلْمُقَدِّمُ، اَلْمُؤَخِّرُ» ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان ئىشنى ئالدىغا، خالىغان ئىشنى كەينىگە قويغۇچى، خالىغان ئىشنى ئالدى بىلەن ۋە خالىغان ئىشنى كېچىكتۈرۈپ قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملىرىدۇر.

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## الحَيِيُّ / ئەلھەيىيى

ئاللاھ تائالانىڭ «الحَيِيُّ» دېگەن ئىسمى سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّهَ عَزَّ وَجَلَّ حَيِيٌّ سِتِّيرٌ يُحِبُّ الْحَيَاءَ وَالسَّتْرَ، فَإِذَا اغْتَسَلَ أَحَدُكُمْ فَلْيَسْتَتِرْ» «ئاللاھ ھايالىقتۇر، يۆگىگۈچىدۇر، ھايانى ۋە يۆگەشنى ياخشى كۆرىدۇ. سىلەر غۇسلى قىلغاندا ئۆزۈڭلارغا پەردە تارتىڭلار»[1].

يەنە بىر ھەدىستە «إن الله حيي كريم يستحيي إذا رفع الرجل إليه يديه أن يردهما صفرًا خائبتين» «ئاللاھ ھايالىقتۇر، سېخىيدۇر. بىراۋ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلسا، ئۇنى قۇرۇق قول قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ»[2] دەپ كەلگەن.

«الحَيِيُّ» ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ كاتتا ماقامىغا لايىق رەۋىشتە ھايالىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقىي ۋە نەسائىي رىۋايىتى.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى. 3556 - ھەدىس.

# اَلْجَمِيلُ / ئەلجەمىيل

ئاللاھ تائالانىڭ «اَلْجَمِيلُ» دېگەن ئىسمى سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللّٰهَ جَمِيلٌ يُحِبُّ الْجَمَالَ» يەنى «ئاللاھ ھەقىقەتەن گۈزەلدۇر ۋە گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ» [1] دەپ كۆرسەتكەن.

«اَلْجَمِيلُ» ئاللاھ تائالانىڭ زاتىدا، ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە ناھايىتى گۈزەل ئىكەنلىكىنى ۋە بارچە گۈزەللىك ئۇنىڭدىن كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

[1] «سەھىھ مۇسلىم» 91 - ھەدىس.

# السِّتيرُ / ئەسسىتتىير

ئاللاھ تائالانىڭ «السِّتيرُ» دېگەن ئىسمى سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللّٰهَ عَزَّ وَجَلَّ حَيِيٌّ سِتِّيرٌ يُحِبُّ الْحَيَاءَ وَالسَّتْرَ، فَإِذَا اغْتَسَلَ أَحَدُكُمْ فَلْيَسْتَتِرْ» «ئاللاھ ھايالىقتۇر، يۆگىگۈچىدۇر، ھايانى ۋە يۆگەشنى ياخشى كۆرىدۇ. سىلەر غۇسلى قىلغاندا ئۆزۈڭلارغا پەردە تارتىڭلار»[1].

«السِّتيرُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى، خاتالىقلىرىنى، گۇناھلىرىنى يۆگىگۈچى، ئۇلارنى ئىنسانلار ئارىسىدا رەسۋا بولۇشتىن ساقلىغۇچى ۋە باشقىلارنىڭ ئەيىبلىرىنى يۆگەنلەرنى دوست تۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقىي ۋە نەسائىي رىۋايىتى.

## الجَوَّادُ / ئەلجەۋۋاد

ئاللاھ تائالانىڭ «الجَوَادُ» دېگەن ئىسمى سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللّٰهَ عز وجل جَوَادٌ يُحِبُّ الجُودَ، وَيُحِبُّ مَعَالِيَ الأَخْلاَقِ، وَيُبْغِضُ سَفْسَافَهَا» «ئاللاھ سېخىيدۇر، سېخىيلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، گۈزەل ئەخلاقنى ياخشى كۆرىدۇ، پەس ئەخلاقلارنى يامان كۆرىدۇ»[1].

«الجَوَادُ» ئاللاھ تائالانىڭ بارچە مەخلۇقاتقا ناھايىتى كۆپ ئاتا ـ ئېھسان قىلىدىغان، بەندىلىرىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدىغان، سېخى، كەرەملىك زات ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن سېخىي زات بولۇپ، كىمگە قانچىلىك ۋە قانداق بېرىدىغانلىقىنى ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن بەلگىلەيدۇ.

«الجَوَادُ» دېگەن سۆز ھەر ئىشنى مۇكەممەل قىلغۇچى، سۆزى، ئەخلاقى ۋە ئىشلىرى ئەڭ مۇكەممەل دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] ئىمام بەيھەقىي رىۋايەت قىلغان، ئەللامە مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئالبانىينىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»دا «سەھىھ» دەپ باھالانغان، 1744 - ھەدىس.

# المُعْطِي / ئەلمۇئتىي

«المُعْطِي» دېگەن بۇ ئىسىم سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ يُرِدِ اللّٰهُ بِهِ خَيْرًا يُفَقِّهْهُ فِي الدِّينِ، وَإِنَّمَا أَنَا قَاسِمٌ وَاللّٰهُ يُعْطِي، وَلَنْ تَزَالَ هَذِهِ الأُمَّةُ قَائِمَةً عَلَى أَمْرِ اللّٰهِ لَا يَضُرُّهُمْ مَنْ خَالَفَهُمْ، حَتَّى يَأْتِيَ أَمْرُ اللّٰهِ» «ئاللاھ كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ، مەن پەقەت تەقسىم قىلغۇچىمەن، ئاللاھ بولسا بەرگۈچىدۇر، بۇ ئۈممەتتىن بىر تائىپە كىشىلەر ئاخىرغىچە ئاللاھنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ، قارشى تۇرغۇچىلار ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»[1].

«المُعْطِي» ئاللاھ تائالانىڭ بارچە مەخلۇقاتىغا نېمەت ئاتا قىلغۇچى، خالىغان بەندىسىگە ياخشىلىق خەزىنىلىرىدىن ھېسابسىز بەرگۈچى، دۇئا قىلغان بەندىلىرىگە تىلىگەنلىرىنى بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# المُحْسِنُ / ئەلمۇھسىن

ئاللاھ تائالانىڭ «المُحْسِنُ» دېگەن ئىسمى سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«إذا حكمتم فاعدلوا وإذا قتلتم فأحسنوا فإن الله محسن يحب المحسنين»

«ھۆكۈم قىلساڭلار ئادىل بولۇڭلار، مال بوغۇزلىغاندا ياخشى بوغۇزلاڭلار، چۈنكى ئاللاھ مۇكەممەل ئىش قىلغۇچىدۇر، ئۇ مۇكەممەل ئىش قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ»[1].

«المُحْسِنُ» ئاللاھ تائالانىڭ زاتىدا، ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىشلىرىدا ئەڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى ۋە ھەر ئىشنى مۇكەممەل دەرىجىدە قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر.

---

[1] تەبەرانىي رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دەپ باھالىغان ھەدىس.

## الرِّفِيقُ / ئەررەفىق

ئاللاھ تائالانىڭ «الرِّفِيقُ» دېگەن ئىسمى ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إن الله رفيق يحب الرفق في الأمر كله» «ئاللاھ ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر، بارلىق ئىشلاردا مېھرىبانلىقنى ياخشى كۆرىدۇ»[1].

«الرِّفِيقُ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەربىر ئىشتا مېھرىبانلىقنى ئالدىنقى ئورۇندا قويغۇچى، بەندىلىرىگە شەپقەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

## السُّبوحُ / ئەسسۇببۇھ

ئاللاھ تائالانىڭ «السُّبوحُ» دېگەن ئىسمى سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىدە: «سُبُّوحٌ قُدُّوسٌ رَبُّ الْمَلاَئِكَةِ وَالرُّوحِ» «جىمى پەرىشتىلەرنىڭ، جىبرىلنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلۇغدۇر»[1] دەپ دۇئا قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

«السُّبوحُ» ئاللاھ تائالانىڭ ھەرقانداق ئەيىب ـ نۇقساندىن پۈتۈنلەي پاك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# الْمُسَعِّرُ / ئەلمۇسەئئىر

ئاللاھ تائالانىڭ «الْمُسَعِّرُ» دېگەن ئىسمى سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بازار باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن ئىدى، كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باھا بەلگىلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّهَ هو الْمُسَعِّرُ القابضُ الباسطُ الرازقُ، وإني لأرجو أن ألقى اللَّهَ وليس أحدٌ منكم يُطالِبُني بمظلمةٍ في دمٍ ولا مال» يەنى «ئاللاھ شەيئىلەرگە قىممەت بەلگىلىگۈچى، تار قىلغۇچى، كەڭ قىلغۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچىدۇر. مەن ئاللاھقا ئۇستۈمدەھېچكىمنىڭ مېلىغا ياكى جېنىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ھەققى بولمىغان ھالەتتە ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن»[1].

«الْمُسَعِّرُ» ئاللاھ تائالانىڭ شەيئىلەرنىڭ قىممىتىنى، دەرىجىسىنى ۋە مەرتىۋىسىنى يۇقىرى ۋە تۆۋەن قىلىپ بەلگىلىگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى.

# السَّيِّدُ / ئەسسەييد

ئاللاھ تائالانىڭ «السَّيِّدُ» دېگەن ئىسمى سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى شىخخىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز ئامىر قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىنىمىزدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «أنت سيدنا» ‹سىلى بىزنىڭ خوجايىنىمىزدۇر› دېيىشتۇق. ئۇ بىزگە: ‹سەييد ئاللاھتۇر› دېدى»[1].

«السَّيِّدُ» ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقات ئۈستىدە مۇتلەق ھاكىمىيەت ئىگىسى، ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى ۋە رەببى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر.

---

[1] «سەھىھۇلبۇخارىي» «أدب المفرد» 211 - ھەدىس.

## الدَيَّانُ / ئەددەييان

ئاللاھ تائالانىڭ «الدَيَّانُ» دېگەن ئىسمى سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يُحْشَرُ الناسُ يوم القيامة عُراةً غُرْلًا بُهْمًا» قال: قلنا: وما بُهْمًا؟ قال: «ليس معهم شيء، ثم يناديهم بصوت يَسْمَعُه مَن بَعُدَ كما يسمعه مَن قَرُبَ: أَنَا الملك، أنا الدَيَّان، ولا ينبغي لأحد من أهل النار، أن يدخل النارَ، وله عِنْد أحد من أهل الجنة حقٌّ، حتى أَقُصَّه منه، ولا ينبغي لأحد مِنْ أهل الجنَّة أَن يَدْخُل الجنَّةَ، وِلَأحَد مِن أهْل النَّار عِنْدَه حقٌّ، حتى أقصَّه منه، حتَّى اللَّطْمَة» قال: قلنا: كيف، وإِنَّا إِنَّما نَأْتِي اللهَ عزَّ وجّلَّ عُراةً غُرْلًا بُهْمًا؟ قال: «بِالحَسَنَات والسيِّئَات» «ئىنسانلار قىيامەت كۈنى يالىڭاچ ۋە ھېچ نەرسىسى يوق ھالدا ھېساب مەيدانىغا (مەھشەرگاھقا) توپلىنىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى يىراقتىن ھەممە ئادەم يېقىندىن ئاڭلايدىغان بىر ئاۋاز بىلەن چاقىرىدۇ. شۇ چاغدا، ئاللاھ: ‹مەن پادىشاھ، ھېساب ئالغۇچىمەن، دوزاخ ئەھلى بولغانلار جەننەت ئەھلى بولغانلاردا بىرەر ھەققى بولسا، ئۇنى مەن ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرمىگۈچە دوزاخقا كىرمەيدۇ، جەننەت ئەھلى بولغانلارمۇ دوزاخ ئەھلى بولغانلاردا بىرەر ھەققى بولسا، ئۇنى مەن ئېلىپ بەرمىگۈچە جەننەتكە كىرمەيدۇ، ھەتتا بىر كاچاتقا چاغلىق ھەققى بولسىمۇ ئېلىپ بېرىمەن› دەيدۇ». بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ‹بۇ قانداق بولىدۇ، بىز ئاللاھنىڭ ئالدىغا يالىڭاچ، ھېچ نەرسىمىز

يوق هالدا بارساق؟› دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: ‹ياخشى ئەمەللەر ۋە گۇناھلار بىلەن كېلىسىلەر› دېدى»[1].

يەنى زالىملارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى زۇلۇم قىلىنغۇچىلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى تۈگەپ قالسا، زۇلۇم قىلىنغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

«الدَّيَّانُ» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ياخشى ـ يامان بارلىق ئەمەللىرىدىن تولۇق ھېساپ ئالغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمدۇر. «الدَّيَّانُ» ئاللاھ تائالا گۇناھلار قانچىلىك كۆپ ۋە قانچىلىك چوڭ بولۇپ كەتسىمۇ، ھەممىسىدىن تولۇق ھېساب ئېلىپ، گۇناھكارلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ﴿فَوَرَبِّكَ لَنَسْأَلَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ . عَمَّا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلمىشلىرى توغرىسىدا سوراققا تارتىمىز»[2].

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، «ھەسەن» دەپ باھالانغان ھەدىس.

[2] ھىجر سۈرىسى: 92 ـ 93 ـ ئايەتلەر.

# الشَّافِي / ئەششافي

ئاللاھ تائالانىڭ «الشَّافِي» دېگەن ئىسمى سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بولۇپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا قانداقلا بىر كېسەل كەلسە ياكى كەلتۈرۈلسە، ئۇنىڭغا «اَللَّهُمَّ رَبَّ النَّاسِ إِذْهِبْ الْبَاسَ اِشْفِهِ وَأَنْتَ الشَّافِي لَا شِفَاءَ إِلَّا شِفَاؤُكَ شِفَاءً لَا يُغَادِرُ سَقَماً» «ئى ئىنسانلارنىڭ رەببى ئاللاھ! بۇ كىشىدىن كېسەلنى كەتكۈزۈۋەتكىن، ئۇنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بەرگىن، سەن ھەقىقەتەن كېسەللەرگە شىپالىق بەرگۈچىسەن. سەندىن بۆلەك شىپالىق بەرگۈچى يوقتۇر، سېنىڭ شىپالىقىڭ بىلەن كېسەللىك قالمايدۇ» دېگەن دۇئانى ئوقۇيتتى»[1].

«الشَّافِي» ئاللاھ تائالانىڭ قەلبلەرگە ۋە بەدەنلەرگە شىپالىق بەرگۈچى، كېسەللەرگە داۋالىنىش يوللىرىنى كۆرسەتكۈچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمىدۇر. شەكسىزكى، ھەرقانداق كېسەلگە شىپالىق پەقەتلا ئاللاھ تائالادىن كېلىدۇ، لېكىن ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھەر خىل سەۋەبلەرنى قىلدۇرۇپ ئاندىن شىپالىق بېرىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا بىزنى كېسەلدىن ساقلىنىش ۋە كېسەل بولغاندىن كېيىن ساقىيىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇغان.

---

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

# ھاياتىڭىزنى ئاللاھنىڭ گۈزەل
# ئىسىملىرى بىلەن نۇرلاندۇرۇڭ

# ھاياتىڭىزنى ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن نۇرلاندۇرۇڭ

ئاللاھ تائالا مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى بولۇپ، بۇلارنى ئاللاھ تائالادىن باشقىسى ئاتا قىلالمايدۇ. شۇڭا، بىز ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ۋاقتىمىزدا ئەڭ كۈچلۈك، ئۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغاندا بولسا ئەڭ ئاجىزمىز. ئاللاھ تائالا بىزگە جان تومۇرىمىزدىنمۇ بەك يېقىندۇر، ئەمما بىز دۇنيانىڭ ھەلەكچىلىكى سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ قالىمىز.

ئاللاھ تائالا بىلەن بولۇش ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن ياشاش ھەقىقەتەن ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك، تولىمۇ مەنىلىك بىر ھايات بولۇپ، بۇنىڭ قىممىتىنى ياشاپ باققانلار بىلىدۇ. ھاياتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا، دۇنيانىڭ ھەرخىل تەھدىتلىرىگە، تۈرلۈك ئازدۇرغۇچى كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش يېتەرلىك سەۋەبلەرنى قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ تائالاغا تايىنىش، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش ۋە ئۇنىڭغا يۈرەكتىن باغلىنىش بىلەن بولىدۇ.

تۆۋەندە ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلقەرىيب»، «ئەلھادىي»، «ئەششەكۇر»، «ئەششافىي»، «ئەلھەفىيز»، «ئەلجەببار»، «ئەلۋەكىيل»، «ئەلغەفۇر» دېگەن ئىسىملىرى بىلەن

ياشاشنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىنى ۋە ھاياتىمىزغا بېرىدىغان ئەجايىپ تەسىرلىرىنى ئۆگىنىمىز:

## القريب - يېقىن

يالغۇزلـۇق تارتىۋاتامسـىز؟ روھىڭـىز ئازابلىنىۋاتامـدۇ؟ يېقىـن دوسـتىڭىز سـىزنى رەنجىتتىمـۇ؟ ئىشـەنچ قىلغـان كىشـىلىرىڭىز سـىزدىن يىراقلىشـىپ كەتتىمـۇ؟ سـىزدىن ۋاپـا كۆرگەنلـەر جاپـا قىلدىمـۇ؟

دىلىڭىزنـى ياشارتىشـنى خالامسـىز؟ روھىڭىزنـى كۆتۈرۈشـكە، مەنىۋىيىتىڭىزنـى كۈچەيتىشـكە موھتاج بولۇۋاتامسـىز؟ ھەقىقىي بىر ۋاپـادار ئىزدەۋاتامسـىز؟ ئـۇ ۋاپادارنـىڭ يۈرىكىڭىزنـى ئىللىتىشـنى، بېشـىڭىزنى سىلىشـنى خالامسـىز؟

ئۇنداقتا، سـىز ھەممىنـى كۆڭلىڭىزدىـن چىقىرىۋېتىـڭ، سـىزنى قەتئىي يالغـۇز قويمايدىغان، سـىزگە مـەدەت بېرىـپ قوللايدىغان، ھەرگىـز جاپـا قىلمايدىغـان ھەقىقـىي ۋاپـادار زاتقـا يۈزلىنىـڭ، ئۇنىـڭ رەھمىتىنـى ۋە شـەپقىتىنى تىلـەڭ.

رەببىڭـىز ئاللاھ تائالا سـىزگە جـان تومۇرىڭىزدىنمۇ بـەك يېقىندۇر. نۆۋەت سـىزدە، سـىز ئۇنىڭغا يېقىنلىـق ئىزدەپ بىـر قەدەم ئالسـىڭىز، ئـۇ سـىز تەرەپكـە ئىككـى قـەدەم ئالـدۇ. ئاللاھ تائالانـىڭ ھەدىـس قۇدسـىيدا «بەنـدەم ماڭا بىـر غېرىـچ يېقىنلاشسـا مـەن ئۇنىڭغا بىـر گـەز يېقىنلىشـىمەن، ئـۇ ماڭا بىـر گـەز يېقىنلاشسـا مـەن ئۇنىڭغا بىـر غۇلاچ يېقىنلىشـىمەن، ئـۇ ماڭا مېڭىـپ كەلسـە، مـەن ئۇنىـڭ ئالدىغا

يۈگـۈرۈپ بارىمەن»[1] دېگەنلىكى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

سىز ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولغىنىڭىزدا، دىلىڭىز ھەممە ئىشتىن ئارام تاپىدۇ، كۆڭلىڭىز بارچە قورقۇنچلاردىن خاتىرجەم بولىدۇ، ھاياتىڭىز ھۇزۇرلۇق، كۈنلىرىڭىز مەنىلىك ئۆتىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەر زامان ئۆزىنىڭ سىزگە جان تومۇرىڭىزدىنمۇ بەك يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز ۋە ئۇنىڭغا جەزم قىلىشىڭىزنى خالايدۇ. ئۇ سىزنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا سىزنىڭ ھېچقانداق بىر ئىشىڭىز مەخپىي قالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مەسچىتكە كىرىۋىدى، ساھابىلەرنىڭ ناھايىتى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا: «ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىڭلار، سىلەر ئاڭلىمايدىغان ياكى يىراقتىكى بىرىنى چاقىرىۋاتمايسىلەر، بەلكى ھەممىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇرىدىغان ۋە سىلەرگە يېقىن بولغان زاتنى چاقىرىۋاتىسىلەر»[2] دېدى. بەندە دۇئاسىنى تۈگىتىپ بولغىچە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تىلىگىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولىدۇ. ياكى دەرھال تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ بېرىدۇ، ياكى تىلىكىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئۇنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بىر ۋاقىتقا كېچىكتۈرىدۇ ۋەياكى ئۇنى بالا ـ قازادىن ۋە زىيان ـ زەخمەتتىن ساقلاپ قالىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئەجىر بېرىدۇ.

## يېقىنلىق مەرتىۋىسى

ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىغا بولغان يېقىنلىق مەرتىۋىسى

---

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق مەخلۇقاتىغا بولغان ئومۇمىي يېقىنلىقىدۇر. يەنە بىرى خاس يېقىنلىقىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىغا بولغان ئومۇمىي يېقىنلىقى ئۇنىڭ كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ، بىلىپ ۋە ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿وَيَعْلَمُ مَا فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَمَا تَسْقُطُ مِنْ وَرَقَةٍ إِلَّا يَعْلَمُهَا﴾ «ئاللاھ قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ، تۆكۈلگەن يوپۇرماقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرىمۇ يوق»[1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئۇنىڭ بارچە مەخلۇقاتىغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بىر كۈنى بىر ئايال ئېرى ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلەشكىلى تۇردى. ئۇ ئايال بىر نەرسىلەرنى دەۋاتاتتى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇپ، ھېلىقى ئايالنىڭ گەپلىرىنىڭ بەزىسىنى ئاڭلىيالىدى ۋە بەزىسىنى ئاڭلىيالمىدى. ئايالنىڭ شىكايىتى تۈگىگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەھۋالدىن تولۇق خەۋەردار قىلدى ۋە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿قَدْ سَمِعَ اللَّهُ قَوْلَ الَّتِي تُجَادِلُكَ فِي زَوْجِهَا وَتَشْتَكِي إِلَى اللَّهِ وَاللَّهُ

[1] ئەنئام سۈرىسى 59 - ئايەت.

﴿يَسْمَعُ تَحَاوُرَكُمَا إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ بَصِيرٌ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!)ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئاللاھقا دەردىنى ئېيتقان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىدى. ئاللاھ ئىككىڭلارنىڭ سۆزلەشكىنىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[1]. بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئۇلار ئەڭ يېقىن تۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقان كىشىسىدىنمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان خاس يېقىنلىقى ياردەم قىلىش، يېتەكلەش ۋە قوغداش مەنىسىدە بولىدۇ، يەنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ۋە سالىھ بەندىلىرىنى ئالاھىدە قوغدايدۇ، ئۇلارغا ھەر زامان ياردەم قىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

## ئاللاھ تائالانىڭ دۇئا قىلغۇچىغا بولغان يېقىنلىقى

ئاللاھ تائالا ئىلتىجا قىلىپ چاقىرغان كىشىگە ئەڭ يېقىندۇر. بىر كۈنى كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «رەببىمىز بىزگە يېقىنمۇ ياكى يىراقمۇ؟ ئەگەر يېقىن بولسا مۇناجات قىلايلى، ئەگەر يىراق بولسا چاقىرايلى» دېگەندە، ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِفَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن. ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. شۇڭا ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ

[1] مۇجادەلە سۈرىسى 1 - ئايەت.

دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا تولۇق ئىشەنسۇن»[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە يېقىن ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىشتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇماستىن، ئۆزى بىۋاسىتە جاۋاب بېرىپ: «مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن» دېگەن. ئاندىن بۇ يېقىنلىقنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىپ: «ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن» يەنى دۇئا قىلغۇچىغا يېقىنمەن دېگەن. ئاللاھ تائالانىڭ دۇئا قىلغۇچىغا يېقىنلىقىنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، دەردلىرىنى ئاڭلايدۇ، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىدۇ، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىدۇ، كېسەللىرىگە شىپالىق بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىندىن مۇئامىلە قىلىدۇ.

«شۇڭا ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا تولۇق ئىشەنسۇن» يەنى ئاللاھ تائالادىن دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىنى، ھاجىتىنىڭ راۋا بولۇشىنى، كېسىلىگە شىپالىق بېرىشىنى، قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قويۇشىنى تىلىگەن ئادەم دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا توغرا يول تېپىشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسۇن ۋە ئۇنىڭغا چىن ئىشەنسۇن.

## ئاللاھ تائالانىڭ تەۋبە قىلغۇچىلارغا بولغان يېقىنلىقى

ئاللاھ تائالا گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان بەندىلىرىگە

[1] بەقەرە سۈرىسى 186 - ئايەت.

ھەقىقەتەن يېقىندۇر. ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ، ئورنىغا ساۋاب يازىدۇ. ﴿فَاسْتَغْفِرُوهُ ثُمَّ تُوبُوا إِلَيْهِ إِنَّ رَبِّي قَرِيبٌ مُجِيبٌ﴾ «ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار. چۈنكى رەببىم ﴿ئۆزىگە يۈزلەنگەن كىشىگە﴾يېقىندۇر، ﴿دۇئالارنى﴾ئىجابەت قىلغۇچىدۇر»[1].

## ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى كۆزىتىشتىكى يېقىنلىقى

ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىدا ۋە ئىلمى بىلەن ئۇلارنى قورشاپ تۇرىدىغانلىقىدا قىلچە شەك يوقتۇر. ﴿وَهُوَ مَعَكُمْ أَيْنَ مَا كُنْتُمْ﴾ «سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئۇ سىلەر بىلەن بىللىدۇر»[2].﴿وَلَا أَدْنَى مِنْ ذَلِكَ وَلَا أَكْثَرَ إِلَّا هُوَ مَعَهُمْ أَيْنَ مَا كَانُوا﴾ «مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولسۇن، ئاللاھ ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر»[3]. ئاللاھ تائالا ئۆز ئىلمى بىلەن بەندىلىرىگە ئىنتايىن يېقىندۇر، ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ. ﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ وَنَعْلَمُ مَا تُوَسْوِسُ بِهِ نَفْسُهُ وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنْ حَبْلِ الْوَرِيدِ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلتۈرگەنلىرىنىمۇ بىلىمىز، بىز ئىنسانغا ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز»[4].

---

[1] ھۇد سۈرىسى 61 - ئايەت.

[2] ھەدىد سۈرىسى 4 - ئايەت.

[3] مۇجادەلە سۈرىسى 7 - ئايەت.

[4] قاف سۈرىسى 16 - ئايەت.

## ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قوغداش، ياردەم قىلىش جەھەتتىكى يېقىنلىقى

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، تەقۋادار ۋە بۇيرۇلغان ئىشلارنى كۆڭۈل بۆلۈپ، قېتىرقىنىپ قىلىدىغان مۆمىنلەرگە بولغان يېقىنلىقى بولۇپ، ئۇلارنى ئاسرايدۇ ۋە ئالاھىدە قوغدايدۇ. ﴿إِنَّ اللَّهَ مَعَ الَّذِينَ اتَّقَوْا وَالَّذِينَ هُمْ مُحْسِنُونَ﴾ «شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»[1].

## ئاللاھ تائالانىڭ زىكىر ئېيتقۇچى بەندىلىرىگە بولغان يېقىنلىقى

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنى ياد ئەتكەن، ھەمدۇسانا ۋە تەسبىھلەرنى ئېيتقان بەندىلىرىگە تولىمۇ يېقىندۇر. ئۇلارنى كاتتا ئەجىرلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، بارچە بەختسىزلىكلەردىن ساقلايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىيدا «مەن مېنى ياد ئەتكەن بەندەم بىلەن بىللە»[2] دېگەن. ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان كىشىلەر نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە!

ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە ھېس قىلغان ۋاقتىڭىزدا سىز ھېچ نەرسىدىن قورقمايسىز، پۈتۈنلەي خاتىرجەملىك ئىچىدە بولىسىز. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى سەۋەنلىك بىلەن بىر مىسىرلىقنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، پىرئەۋنىنىڭ يېنىغا بېرىشتىن قورققاندا، ئاللاھ تائالا: ﴿لَا تَخَافَا إِنَّنِي مَعَكُمَا أَسْمَعُ وَأَرَى﴾ «سىلەر قورقماڭلار! مەن

---

[1] نەھل سۈرىسى 128 ـ ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە، (ئۇنىڭ جاۋابىنى) ئاڭلاپ تۇرىمەن، (مۇئامىلىسىنى) كۆرۈپ تۇرىمەن»[1] دەپ ئۇنىڭ ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ پىرئەۋندىن قورقماسلىقى ئۈچۈن كۇپايە ئىدى.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بولغان يېقىنلىقى ياردەم قىلىش، قوغداش ۋە ئاسراش مەنىسىدىكى يېقىنلىق ئىدى. شۇڭا، ئۇ پىرئەۋننىڭ ئالدىغا دادىللىق بىلەن بېرىپ ھەق سۆزنى قورقماي ئېيتقان ۋە ئۇنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان.

ئاللاھ تائالا سىزگە ھەقىقەتەن يېقىندۇر. ئۇنىڭ ياردىمىگە ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، پەقەتلا قەلبىڭىزنى ئۇنىڭغا بېغىشلاپ، تىلىڭىزنى مىدىرلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا زىكىر ۋە تەسبىھ ئېيتىشىڭىز يېتەرلىكتۇر. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا كىتنىڭ قارنىدىكى قاتمۇقات قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئىنتايىن پەس ئاۋاز بىلەن ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىپ: ﴿لَا إِلَٰهَ إِلَّا أَنْتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنْتُ مِنَ الظَّالِمِينَ﴾ «(ئى رەببىم!) سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، سەن (بارلىق كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن راستتىنلا ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»[2] دەپ ئىلتىجا قىلغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ نىداسىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنى قۇتقۇزغان. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئىنتايىن يېقىن ئىدى.

---

[1] تاھا سۈرىسى 46 - ئايەت.

[2] ئەنبىيا سۈرىسى 87 - ئايەت.

﴿وَاسْجُدْ وَاقْتَرِبْ﴾ «(ئاللاھقا) سەجدە قىلغىن ۋە (بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا) يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن»[1]. دېمەك، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەتلەر بىلەن يېقىنلىق ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ خاس يېقىنلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، پەرز، ۋاجىپ ۋە سۈننەت ئەمەللىرىنى تولۇق ئورۇنداش، يامان، گۇناھ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ۋە نەپلە (ئىختىيارىي) ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ خاس يېقىنلىقى بەندىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قولغا كېلىدۇ. ﴿أُولَئِكَ الَّذِينَ يَدْعُونَ يَبْتَغُونَ إِلَى رَبِّهِمُ الْوَسِيلَةَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ﴾ «ئۇلار قانداق قىلساق ئاللاھقا يېقىن بولارمىز دەپ رەببىگە يېقىن بولۇش يولىنى ئىزدەپ دۇئا قىلىدۇ»[2]. مۆمىن ئادەمدە چوقۇم ئالىي ھىممەت ۋە يۈكسەك ئىرادە بولۇشى، ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇشنىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ يېقىن بولۇشنى تىلىشى ۋە شۇنىڭغا لايىق ئەمەللەرنى قىلىشى لازىم.

ئى رەببىم! سېنىڭ «ئەلقەرىيب» دېگەن ئۇلۇغ ئىسمىڭغا ۋە بارلىق گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىڭگە بولغان چىن ئىمانىمنى ۋەسىلە قىلىپ ساڭا ئىلتىجا قىلىمەن. ئى رەببىم! بىزنى ئۆزۈڭگە ئەڭ يېقىن بەندىلىرىڭ قاتارىدىن قىلغىن، بىزگە خاس يېقىنلىقىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلغىن، بىزنى ھاياتنىڭ رەھىمسىزلىكىگە، تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقىغا تاشلاپ قويمىغىن، بىزگە مەدەت بەرگىن، بىزگە بولغان خاس يېقىنلىقىڭ بىلەن بىزنى فىردەۋس جەننەتلىرىڭنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن، ئامىن.

---

[1] ئەلەق سۈرىسى 19 - ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى 57 - ئايەت.

# الهادي ــ يول كۆرسەتكۈچى

ھاياتتا بەزى ئىشلار توغرۇلۇق گاڭگىراپ قېلىۋاتامسىز؟ ئىككى ئىشنىڭ قايسىسىنى تاللاش ھەققىدە ئىككىلىنىپ قېلىۋاتامسىز؟ ئەقلىڭىز توغرا بىلەن خاتانى ئايرىپ بېرىشكە ئاجىز كېلىۋاتامدۇ؟

ئۇنداقتا، سىز ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلھادىي – يول كۆرسەتكۈچى» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن تونۇشۇپ چىقىڭ. مەيلى چوڭ ياكى ئاددىي ھەرقانداق بىر ئىشتا توغرا تاللاشقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىنى تىلەڭ. چۈنكى ئىنسان ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا «الهادي» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن بەندىلىرىگە ئىماننىڭ يولىنى كۆرسىتىدۇ، بەختلىك ھايات كەچۈرۈشنىڭ يوللىرىنى تونۇتىدۇ، ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ، ھەتتا ئۇچارقانات، ھايۋان ۋە بارلىق جانلىقلارغا ياشاش قانۇنىيىتىنى، ئۆزىنى قوغداش يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە مەنپەئەتلىك ئىشلارغا يېتەكلەيدۇ. دېمەك، ھەربىر مەخلۇق ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشىگە موھتاج. ﴿وَكَفَىٰ بِرَبِّكَ هَادِيًا وَنَصِيرًا﴾ «يول كۆرسەتكۈچى ۋە ياردەمچى بولۇشقا رەببىڭ يېتەرلىكتۇر»[1].

---

[1] فۇرقان سۈرىسى 32 - ئايەت.

## ھىدايەت ئەڭ كاتتا نېمەتتۇر

دۇنيادا توغرا يولغا يېتەكلىنىشتىن كاتتا نېمەت يوقتۇر. چۈنكى ئىنسان دىن ۋە دۇنيالىق ھەممە ئىشتا توغرا يولدا ۋە توغرا يۆنىلىشتە بولغاندىلا ئۇنىڭ ھەممە ئىشى غەلىبىلىك بولىدۇ. توغرا مەكتەپتە ئوقۇش، توغرا جورا تاللاش، توغرا بولغان تىرىكچىلىكنى قىلىش، توغرا جايدىن ئۆي ئېلىش، بالىلارنى توغرا يوسۇندا تەربىيەلەش، ھاياتنى ئىككى ئالەملىك پايدىلىق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈش، ۋاقتنى ساۋابلىق ۋە مەنپەئەتلىك ئىشلار بىلەن تولدۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ توغرا يولغا يېتەكلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. يۇقىرىقىلارنىڭ بىرەرسى توغرا تاللانمىغاندا، ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «اَللّٰهُمَّ اهْدِنِي وَسَدِّدْنِي» «ئى ئاللاھ! مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە توغرا ئادەم قىلغىن»[1]دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن.

ھىدايەت دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: يول كۆرسىتىش، يېتەكلەش، مۇرادقا يېتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئازغۇنلۇقتىن توغرا يولغا، خاتالىقتىن دۇرۇسلۇققا، زىيانلىق ئىشتىن پايدىلىق ئىشقا يۈزلىنىشمۇ ھىدايەت دېيىلىدۇ.

## ھىدايەتنىڭ دەرىجىلىرى

ھىدايەتنىڭ دەرىجىسى ئىككى بولۇپ، بىرى، ئومۇمىي

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ھىدايـەت، يەنـە بـىرى خـاس ھىدايەتتـۇر.

ئۇمۇمـىي ھىدايـەت: ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق مەخلۇقاتىغا يـول كۆرسـىتىدىغانلىقىنى كۆرسـىتىدۇ. چۈنكـى ئاللاھ تائـالا بارچـە مەخلۇقاتنىـى ئۇلارنىـڭ ئەھۋالىغا ۋە ئېھتىياجىغا ئەڭ مۇناسـىپ ۋە پايدىلىق يوللارغا يېتەكلەيدۇ. ﴿رَبُّنَا الَّذِي أَعْطَى كُلَّ شَيْءٍ خَلْقَهُ ثُمَّ هَدَى﴾ «بىزنىـڭ رەببىمىـز ھەممـە نەرسـىگە (ئۆزىگـە خـاس شـەكىل (ئۆزىگـە خـاس خۇسۇسـىيەت) ئاتـا قىلغـان، ئاندىـن (ئۇلارنـى ئۆزلىرىگـە ئاتـا قىلىنغـان نەرسـىلەردىن پايدىلىنىـش يوللىرىغـا) يېتەكلىگـەن زاتتـۇر»[1]. ﴿سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى. الَّذِي خَلَقَ فَسَوَّى.وَالَّذِي قَدَّرَ فَهَدَى﴾ «(بارچە مەخلۇقاتنـى) يارىتىـپ، ئۇلارنىبېجىرىـم قىلغـان، (ئۇلارنىـڭ ھەممـە ئىشـىنى) ئورۇنلاشـتۇرۇپ، ئۇلارنـى (پايدىلىنىش يوللىرىغـا) يېتەكلىگـەن ھەممىدىـن ئۈسـتۈن رەببىڭنىـڭ ئىسـمىنى پـاك دەپ ئېتىقـاد قىلغىـن»[2].

ئاللاھ تائـالا ئەمانـى تـۈز يولـدا مېڭىشقا، ئاڭلىمايدىغانلارنـى مەقسـەتنى چۈشىنىشـكە، ئاجىزنـى مۇرادىغـا، كىچىـك بالىنـى ئۆزىگـە زىيانلىـق نەرسـىلەردىن يىـراق تۇرۇشـقا، چۆلـدە ئېزىـپ كەتكەنلەرنـى قۇتۇلـۇش يولىغـا، ئىزدەنگۈچىلەرنـى نەتىجىگـە، ئۆلىمالارنـى ئىلىـم ـ ھېكمەتكـە، مۇجتەھىدلەرنـى مەسـىلىنىڭ دەلىلىگـە، دەۋەتچىلەرنـى گـۈزەل ئۇسـلۇبقا، ئاتـا ـ ئانىنـى پەرزەنتلىرىگـە ئۈلگـە بولۇشـقا يېتەكلەيـدۇ. بـۇ ئىشـلارنىڭ ھېچبىـرى تاسادىپىيلىقنىڭ نەتىجىسـى ئەمەس، ئەكسـىچە، ئاللاھ

---

[1] تاھا سۈرىسى 50 - ئايەت.

[2] ئەئلا سۈرىسى 1 - 3 - ئايەتلەر.

تائالانىڭ ھىدايىتى ۋە يېتەكلىشى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

خاس ھىدايەت: يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت، ياردەم قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت، توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت ۋە توغرا يولغا يېتەكلەش مەنىسىدىكى ھىدايەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## خاس ھىدايەتنىڭ تۈرلىرى

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللى شەئراۋىي مۇنداق دېگەن: «ھىدايەت ئومۇم ۋە خاسلىق ئېتىبارى بىلەن «هداية دلالة وهداية معونة» يەنى «يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت ۋە ياردەم قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت: پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئومۇمىي ھىدايەت بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغىنىدۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، كىتابلارنى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلدى، ئۇلارغا نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت _ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھەق يولنى ئېنىق بايان قىلىپ كۆرسەتتى ۋە ئۇلارنى شۇ يولغا دەۋەت قىلدى. ئەمما ئىنسانلارنىڭ بەزىسى بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ ھەق يولغا ئەگەشكەن بولسا، يەنە بەزىسى بۇ ئىلاھىي دەۋەتنى قوبۇل قىلماي، ئازغۇنلۇقتا قېلىشنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆردى. ئىلاھىي ھىدايەتنى قوبۇل قىلىپ، پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەنلەر «مۆمىنلەر» دەپ ئاتالدى، بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلماي،

پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلار «كاپىرلار» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن «مۆمىن» ، «كاپىر»دىن ئىبارەت ئىككى پىرقە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سەمۇد (قەۋمى)گە كەلسەك، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتكەن ئىدۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇقنى (ئىماننىڭ ھەقىقەتلىرىنى كۆرمەسلىكنى) ئارتۇق بىلدى. ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى»[1].

ياردەم قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت: مۆمىنلەرگىلا خاس بولغان ھىدايەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەق دىننى قوبۇل قىلغان مۆمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىپ ئۇلارنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ، تەقۋادارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھىدايەت تاپقانلارغا ئاللاھ ھىدايەتنى زىيادە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى تەقۋالىققا مۇۋەپپەق قىلىدۇ[2]»[3].

ھىدايەت ماھىيەت جەھەتتىن يەنە ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى «هداية توفيق» يەنى «توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت» ، يەنە بىرى، «هداية إرشاد» يەنى «توغرا يولغا يېتەكلەش مەنىسىدىكى ھىدايەت»تۇر.

توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت:

---

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى 17_ ئايەت.

[2] مۇھەممەد سۈرىسى 17_ ئايەت.

[3] «تفسير شعراوي» فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى.

پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولغان ھىدايەت بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم كىشىلەرنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ»[1].

ئەمما توغرا يولغا يېتەكلەش مەنىسىدىكى ھىدايەت: پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ھىدايىتى بولۇپ، بۇ ھىدايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ قولىدىن كەلگەندەك، ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن»[2].

## ھىدايەتنىڭ ئەڭ كاتتىسى

ھىدايەتنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتنىڭ يولىنى كۆرسەتكەنلىكى ۋە ئىمان ئېيتقانلارنى توغرا يولغا يېتەكلىگەنلىكىدۇر. ﴿وَإِنَّ اللَّهَ لَهَادِ الَّذِينَ آمَنُوا إِلَىٰ صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ﴾ «شەكسىزكى، ئاللاھ مۆمىنلەرنى ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر»[3]. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ، ئۇلارنى بۇ دۇنيادا

---

[1] قەسەس سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

[2] شۇرا سۈرىسى 52 ـ ئايەت.

[3] ھەج سۈرىسى 54 - ئايەت.

توغرا يولغا ۋە توغرا ئىشلارغا يېتەكلەيدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارنى جەننەتكە باشلايدۇ. ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ يَهْدِيهِمْ رَبُّهُمْ بِإِيمَانِهِمْ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهِمُ الْأَنْهَارُ فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئۇلارنىڭ ئىمانى يۈزىسىدىن رەببى (جەننەتنىڭ يولىغا) يېتەكلەيدۇ. نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە ئۇلارنىڭ (قەسىرلىرىنىڭ) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ»[1].

ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىگە نائىل بولۇشنىڭ يولى ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىدا راستچىل بولۇش ۋە ئۇنىڭغا سەمىمىي بولۇشتۇر. ﴿وَمَنْ يُؤْمِنْ بِاللَّهِ يَهْدِ قَلْبَهُ﴾ «كىمكى ئاللاھقا ئىشىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ»[2] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتنىڭ «كىمكى ئاللاھقا ئىشىنىدىكەن» دېگەن قىسمى ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايەت ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىگە چىن ئىشىنىپ، ھىدايەت تىلەشتىكى دۇئاسىدا سەمىمىي بولۇش دېگەنلىكتۇر.

## ئاللاھ تائالا بارچە مەخلۇقاتقا يول كۆرسەتكۈچىدۇر

ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلىسىي مۇنداق دەيدۇ: «سەلمۇن بېلىقى ئاتلانتىك ئوكياندىن يولغا چىقىپ، ئامېرىكىدىكى دېڭىزلارنىڭ بىرىدە توختايدۇ ۋە ئۇ جايدا تۇخۇملىرىنى قالدۇرۇپ يەنە ئاتلانتىك ئوكيانغا قايتىپ كېتىدۇ. بىر قانچە ئايدىن كېيىن ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن تۇخۇملاردىن چىققان بېلىقچانلار يۈزلەرچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئانىلىرىنى تېپىپ

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى 9 - ئايەت.

[2] تەغابۇن سۈرىسى 11 - ئايەت.

باردۇ. ئۇلار يولىدىن ئادىشىپ قالمايدۇ. بۇ بىلىجانلار ئانىلىرى بار جايغا كىم باشلاپ قويىدۇ؟ ئۇلارغا يولنى كىم كۆرسىتىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا كۆرسىتىدۇ.

كۆزەتكۈچىلەردىن بىرى بىر تاشپاقىنىڭ ھەرىكىتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرغان بولۇپ، تاشپاقا بىر ئۆلۈك چايانىنى يەيدۇ، ئاندىن بىرىپ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ياپرىقىنى يەيدۇ، ئاندىن كېلىپ ھېلىقى چاياندىن ئازراق يەپ بولۇپ، يەنە ئاشۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ياپرىقىنى يەيدۇ، يەنە كېلىپ چايانىنى يېيىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان كىشى ھېلىقى ئۆسۈملۈكنى قومۇرۇپ تاشلىۋېتىدۇ، تاشپاقا ئۆسۈملۈك بار يەرگە كېلىپ ئۇنى ئىزدەيدۇ ۋە تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرئاز تۇرغاندىن ئۆلىدۇ. بۇ تاشپاقىغا زەھەر قايتۇرىدىغان ئۆسۈملۈكنى كىم بىلدۈردى، ئۇنى يېيىشنى كىم ئىلھام قىلدى؟ شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ «ئەلھادىي» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن بىلدۈردى»[1].

مەن بالىلىق چاغلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى مومامنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزگەن ئىدىم. مومامنىڭ ناھايىتى يېقىملىق بىر مۈشۈكى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مۈشۈك تۇغقان ئىدى، ئەمدىلا تۇغۇلغان بۇ ئاسلانلار ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيتتى، ھەممىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئانىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشتى، ئۇلار تۇرماستىن پۇراپ ۋە ئىزدەپ يۈرۈپ ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى تاپتى ۋە ئېمىشكە باشلىدى. مەن ئۇ چاغدا، بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈشنى بىلمەيتتىم. شۇڭا، ئاسلانلارنىڭ بۇ ئىشى مېنى

[1] «لأنك الله» 147 - بەت.

ھەيران قالدۇرغان بولسىمۇ، نورمال ئەھۋالدەك بىلىنگەن ئىدى. ئەمدى، ئويلىسام بۇ تەپەككۇر قىلىشقا تېگىشلىك ئەھۋال ئىكەن. ئاشۇ ئاسلانلارغا ئانىسىنىڭ ئەمچىكىدە ئۇلارنىڭ غىزاسى بارلىقىنى ۋە ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ئېمىشنى كىم ئۆگەتتى؟ شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۆگەتتى ۋە ئۆزىنىڭ «ئەلھادىي» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن ئۇلارغا رىزقىنى تېپىش ۋە قوغدىنىش يوللىرىنى كۆرسەتتى.

## ھىدايەت ھەر خىل يوللار بىلەن كېلىدۇ

ئاللاھ تائالا ھىدايىتىنى بەندىلىرىگە ھەر خىل يوللار بىلەن ۋە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن يەتكۈزىدۇ. بەزىدە بىرەر ئايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش، ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش، بىرەر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆزنى ئاڭلاپ قېلىش، بىراۋنىڭ تەسىرلىك نەسىھىتى، كۈتۈلمىگەن بىرەر ئۆزگىرىش ئىنساننىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا بىر ئىنسانغا ئايلىنىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇسۇلمان بولۇش قىسسىسى ھەممىگە تونۇشلۇق. ئۇ خۇپىيانە ئىمان ئېيتقان سىڭلىسىنى ئەدەپلەش ئۈچۈن قاتتىق غەزەپ بىلەن كىرگەن ئۆيدە تاھا سۈرىسىنىڭ بېشىدىن بىر قانچە ئايەتنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ قېلىپ ئىمان ئېيتقان. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا شۇ ئايەتلەرنى سەۋەب قىلغان.

ئاللاھ تائالا بەزىدە تەپەككۇر قىلدۇرۇش ئارقىلىق ھىدايەت قىلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېچە، ئاي، كۈن قاتارلىق

نەرسىلەر ئۇستىدە ئىزدەنگەن، تەپەككۇر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھىدايىتى ئاشقان، ئىمانى تېخىمۇ كۈچەيگەن.

﴿فَلَمَّا جَنَّ عَلَيْهِ اللَّيْلُ رَأَى كَوْكَبًا قَالَ هَذَا رَبِّي فَلَمَّا أَفَلَ قَالَ لَا أُحِبُّ الْآفِلِينَ. فَلَمَّا رَأَى الْقَمَرَ بَازِغًا قَالَ هَذَا رَبِّي فَلَمَّا أَفَلَ قَالَ لَئِنْ لَمْ يَهْدِنِي رَبِّي لَأَكُونَنَّ مِنَ الْقَوْمِ الضَّالِّينَ. فَلَمَّا رَأَى الشَّمْسَ بَازِغَةً قَالَ هَذَا رَبِّي هَذَا أَكْبَرُ فَلَمَّا أَفَلَتْ قَالَ يَا قَوْمِ إِنِّي بَرِيءٌ مِمَّا تُشْرِكُونَ. إِنِّي وَجَّهْتُ وَجْهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ حَنِيفًا وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ﴾ «ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ: ‹بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر› دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، ‹مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايمەن› دېدى. ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ: ‹بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر› دېدى. ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، ‹ئەگەر رەببىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇن قەۋمنىڭ قاتارىدا بولۇپ قالىدىكەنمەن› دېدى. ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ‹بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر، بۇ ھەممىدىن چوڭ ئىكەن› دېدى. قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئېيتتىكى: ‹ئى قەۋمىم! مەن سىلەر (ئاللاھقا) شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە يىراقمەن. شەكسىزكى، مەن بارچە باتىل دىنلاردىن يىراق بولۇپ، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن›»[1].

بىر كۈنى ئاۋازىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن مەشھۇر بولغان ناخشىچىلاردىن بىرى سالىھ بىر زاتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالىدۇ. سالىھ زات ئۇنىڭغا: «بالام، سېنىڭ ئاۋازىڭ نېمىدېگەن گۈزەل

[1] ئەنئام سۈرىسى 76 - 79 - ئايەتلەر.

ـ هە، كاشكى، سەن بۇ گۈزەل ئاۋازىڭنى قۇرئانغا ئىشلەتكەن بولساڭچۇ»، ـ دەيدۇ. بۇ سۆز ناخشىچىغا ئىنتايىن تەسىر قىلىدۇ ـ دە، دەرھال تەۋبە قىلىدۇ ۋە ھاياتىنى شۇ سائەتتىن باشلاپ قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىشكە بېغىشلايدۇ.

## ئاللاھ تائالا ئىلتىجا قىلغان بەندىسىنى نائۇمىد قويمايدۇ

ئاللاھ تائالا بەزىدە دۇئا ۋە ئىلتىجانىڭ يۈزىسىدىن توغرا ئىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەللامە ئىبنى تەيمىييەبىر ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىزدىنىش جەريانىدا، نۇرغۇن تەپسىرلەرنى كۆرۈپ چىققان بولسىمۇ، ئەڭ توغرىسىنى تاللاشتا كۆپ قىينىلىدۇ، كۆپ ئىزدىنىش سەۋەبلىك بېشى ئايلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەجدىگە بېرىپ كۆپ يىغلايدۇ ۋە «ئى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بىلمىگەنلىرىنى ئۆگەتكەن، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا چۈشەنمىگەنلىرىنى چۈشەندۈرگەن ئاللاھ!» دەپ دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايەت قىلىشى بىلەن مەزكۇر ئايەتنىڭ ئەڭ توغرا مەنىسىنى تېپىپ چىقىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىنى ھىدايەت قىلىشنى خالىسا ئەڭ ئاددىي سەۋەبلەر بىلەنمۇ ھىدايەت قىلىدۇ. ئۆلىمالاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «بىر هاراقكەش تاشلىۋېتىلگەنلىكتىن خارابىگە ئايلىنىپ قالغان تۆمۈر يولنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى يوللىرىدا ئاران ـ ئاران قەدەم ئېلىپ مېڭىۋاتاتتى. تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆزى يەردە ياتقان بىر كونا قەغەزگە چۈشتى. قەغەزنى قولىغا ئېلىپ تەسلىكتە ئۇنىڭغا قارىسا، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى يېزىلغان ئىكەن. ئۇ دەرھال ھوشىغا كەلدى

ۋە كاللىسىنى چايقىۋېتىپ، ‹ئاللاھنىڭ ئىسمى يەردە ياتسا بولامدۇ؟› دېدى، ئۇنى قويىنىغا سالدى ۋە ئۆيىگە كەتتى. ئۆيىگە بېرىپ ھېلىقى قەغەزنى ئاۋايلاپ سۈرتۈپ پاكىزلىدى، ئاندىن ئۇنى قايتا ـ قايتا سۆيدى. شۇنىڭ بىلەن قەغەزنى تۇتۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. چۈشىدە قۇلىقىغا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئاۋاز بولسا ‹سەن مېنىڭ ئىسمىمنى يەردىن كۆتۈردۈڭ، مەنمۇ سېنىڭ ئىسمىڭنى ئەرشئەلاغا كۆتۈردۈم ۋە سېنى سالىھلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزدۈم› دېگەن ئاۋاز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ھىدايەتكە ئويغاندى، قەلبى ئىمان بىلەن تولدى. ئۇنىڭ ھاياتى غايىسىز ياشايدىغان مەنىسىز ھاياتتىن ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئاتالغان مەنىلىك ھاياتقا، ئۆزى بولسا ئىسمى تارىختا قەيت قىلىنغان مەشھۇر سالىھ زاتلاردىن بىرىگە ئايلاندى»[1].

## ئاللاھ تائالا بىزگە ھەمىشە يول كۆرسىتىدۇ

ئاللاھ تائالا خالىسا سەۋەبسىزمۇ ھىدايەت قىلىدۇ. مەسىلەن: بىراۋ گۇناھ قىلىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىدۇ، گۇناھ بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن ئاز مۇساپە قالغاندا، تۇساتتىن گۇناھتىن يانىدۇ، يامان نىيىتىدىن ۋاز كېچىدۇ ۋە تەۋبە قىلىپ ئۆيىگە قايتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ۋە بۇ ۋاز كېچىشنىڭ ئارقىسىدا ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتى بولىدۇ. چۈنكى دۇنيادا ھېچقانداق ئىش تاسادىپىي بولۇپ قالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بەزىدە خەتەرنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغاندا، ئامانلىق تەرەپكە يېتەكلەش ئارقىلىق خەتەردىن ساقلاپ

[1] «لأنك الله» 149 ـ بەت.

قالـدۇ. مەسىلەن: سىز كېچىدە ماشىنا بىلەن ناھايىتى تېز كېتىپ بارغانىدا، بىرى قۇلىقىڭىزغا «توختا!» دېگەنىدەكلا سەۋەبسىز توختايسىز ياكى بىردىنىلا ئاستىلايسىز. ئالدىڭىزدا خەتەر بارلىقىنى كېيىن بىلىسىز ياكى مەڭگۈ بىلمەي قالىسىز. ئەمما ئاللاھ تائالا شۇ چاغدا سىزنى چوڭ بىر قازادىن ساقلاپ قالغان بولىدۇ. يولدا پىيادە يۈرۈپ كېتىپ بېرىپ، تۇساتتىن قەدىمىڭىزنى ئاستىلىتىسىز. كۆپ ئۆتمەيلا ئالدىڭىزدا تېيىلغاق يەر بارلىقىنى بىلىسىز ياكى پەقەتلا بىلمەي قالىسىز. ئەمما ئاللاھ تائالا سىزنى تېيىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان بولىدۇ. خۇددى كۆڭلىڭىز بىر نەرسىنى تۇيغانىدەكلا بوۋاقنىڭ ياتىقىغا كىرىسىز، قارىسىڭىز بوۋاق كارىۋاتتىن چۈشۈپ كېتىشكە ئاز قالغان بولۇپ، ناۋادا سىز كۆرمىگەن بولسىڭىز قاتتىق يەرگە چۈشۈپ كېتەتتى. سىز يۈگۈرۈپ بېرىپ بوۋاقنى قولىڭىزغا ئالغىنىڭىزدا، چىن يۈرىكىڭىزدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ «شۈكرى رەببىم! كۆرمىگەن بولسام بالام تاس قالاتتى چۈشۈپ كەتكىلى» دەيسىز. بۇنىڭغا ئوخشىغان ئەھۋاللار تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى كۆپ تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا بىزنى ھەر زامان زىيانلىق ئىشلاردىن پايدىلىق ئىشلارغا، خەتەرلىك جايلاردىن ئامانلىققا، قورقۇنچلاردىن خاتىرجەملىككە يېتەكلەپ تۇرىدۇ. ئەمما بىز ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كاتتا ئىلتىپاتلىرىنى بىلمەيمىز، بەزىلىرىنى ئاڭقىرالىساقمۇ، نۇرغۇنلىرىنى ھېس قىلمايمىز ۋە ئويلاپمۇ قويمايمىز.

تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن كۈندىلىك ئۆيدىن چىقىش ۋە قايتىش يولىدا ئاللاھ تائالا بىزنى نۇرغۇنلىغان خەتەرلەردىن، زىيان زەخمەتلەردىن ۋە بالا ـ قازالاردىن ساقلايدۇ. ئاللاھ

تائـالا يەنـە بىرنـى نۇرغـۇن قېتىـم يېگـەن ـ ئىچكەنلىرىمىزدىـن زەھەرلىنىشتىن سـاقلاپ قالـدۇ. ئانـا قارنىمىزدىكى بوۋاقنـى كەمتۈك تۇغۇلۇشـتىن سـاقلايدۇ. بىـز بۇلارنىـڭ مىڭدىـن بىرىنـى بىلمىـز ياكـى ھېـچ بىلمەيمىـز، ھېـس قىلمايمىـز، ھەتتـا بـۇ ھەقتـە تەپەككـۇر مـۇ قىلمايمىـز، گويـا شـۇنداق بولۇشـىنى تەبىئەتنىـڭ قانۇنىيىتىـدەكلا ئويـلاپ قالىمىـز. ئەممـا بـۇ ئىشـلارنىڭ ھېچبىـرى تەبىئەتنىـڭ قانۇنىيىتـى ئەمـەس، بەلكـى ئاللاھ تائالانىـڭ قۇدرىتـى، ھېكمىتـى ۋە رەھىـم ـ شـەپقىتى بىلـەن ئەمەلگە ئاشقان ئىشـلاردۇر.

## ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ

بىـر بىئولوگىيـە ئالىمـى مۇنـداق دېگـەن ئىكـەن: «بىـر بوۋاقنىـڭ كەمتـۈك تۇغۇلـۇش ئېھتىمالـى ئۇنىـڭ بىجىرىـم تۇغۇلـۇش ئېھتىمالىدىـن ئەلۋەتتـە چوڭـدۇر. چۈنكـى، بوۋاقنىـڭ شەكىللىنىشـى جەريانىـدا ھەركۈنى مەلۇم مىقداردىكى ھۈجەيرىلەر مەلـۇم جايلارغـا يۆتكىلىـپ، ئۆزگىرىـپ تـۇرۇش ئارقىلىـق ئـۆز ۋەزىپىلىرىنـى ئورۇنـداش ئىقتىدارىغـا كېلىـدۇ. ھالبۇكـى، بـۇ ھۈجەيرىلـەر ئۆزلىرىنىـڭ نېمـە ئىشـلارنى قىلىۋاتقانلىقىنىمـۇ بىلمەيـدۇ».

چۈنكـى، ـــ بىئولوگىيـە مۇتەخەسسىسـلىرى ئىسـپاتلىغاندەك ـــ بىزنـى مەيدانغا كەلتۈرگـەن نەرسـە ھۈجەيرىلـەردۇر. ھـەر بىـر ھۈجەيرىـدە مەۋجـۇت بولغـان ماددىـلار بىزنىـڭ ۋۇجۇدىمىزنىـڭ شـەكلى، كۆزىمىزنىـڭ ۋە چېچىمىزنىـڭ رەڭگـى، ئېگىزياكـى پـاكار بولۇشـىمىز، چىرايلىـق ياكـى كۆرۈمسـىز بولۇشـىمىز قاتارلىق ئۆزگىچىلىكلىرىمىزنـى شـەكىللەندۈرىدۇ. ھۈجەيرىلەردىكـى

ئاددىيغىنە بىر بۇزۇقلۇق ياكى خاتالىق بوۋاقنىڭ كەمتۈك تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ھۈجەيرىلەر كۆپ ھاللاردا مەشغۇلات خاتالىقلىرىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ ۋە ئارقىدىنلا تۈزىتىلىدۇ. بۇنداق كۆپ تەكرارلىنىدىغان خاتالىقلار تۈپەيلى بوۋاقلارنىڭ كەمتۈك تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بىجىرىم تۇغۇلۇش ئېھتىمالىدىن ناھايىتى چوڭدۇر. مىليونلارچە قېتىم بۇنداق خاتالىقلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ شەپقىتى بىلەن ئىجرائاتلارقايتا تۈزىتىلىپ، ھەر ئىش ئۆز يولىغا كىرىپ تۇرىدۇ. ئاقساقلىق، چولاقلىق، كورلۇق، گاسلىق ۋە باشقا ھەرخىل كەمتۈكلۈكلەرگە مۇپتىلا بولغان ئىنسانلارنى كۆرىمىز. ئىنسانلار ئارىسىدىن مىڭدىن بىرىدە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان شۇ جىسمانىي كەمتۈكلۈككە مۇپتىلا بولغان ئىنسانلار بولمايدىغان بولسا، بىز كەمتۈكسىز، ساق - ساغلام تۇغۇلۇش تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بولۇپ، ئۇ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ گۇمان قىلغان بولاتتۇق. ئەمما ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس! چۈنكى ئەگەر بۇ ئىشلار تەبىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى بولسا، نېمە ئۈچۈن بەزى بوۋاقلار كەمتۈك تۇغۇلىدۇ؟

ئاللاھ تائالا جىسمانىي تەرەپتىن كەمتۈك ئىنسانلارنىمۇ يارىتىش ئارقىلىق ساغلام تۇغۇلۇش تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى دېگۈچىلەرگە ئەجەللىك رەددىيە بەرمەكتە ۋە مۇنداق دېمەكتە: «سېنىڭمۇ شۇنداق كەمتۈك تۇغۇلۇشۇڭ مۇمكىن ئىدى، ئەمما كەمتۈك بولمىدىڭ، ساق ــ ساغلام تۇغۇلدۇڭ. ئۇنتۇمىغىنكى، ئۈستۈڭدىكى نېمەتلىرىم ۋە ھەققىم كۆپتۇر.

## الشكور ـــ ئاز ئەمەلگە كۆپ ساۋاب بەرگۈچى

ئەششەكۇر ـــ بەندىلىرىنىڭ ئازراق ئەمەلىگىمۇ كۆپلەپ مۇكاپات بەرگۈچى دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ئارتۇق ساۋاب بەرگۈچى، بىرەر خەير ـ ئېھسانغا 700 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشۇرۇپ بەرگۈچى كەرەملىك زاتتۇر.

ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدا ھەر خىل خاراكتېردىكى ئىنسانلارنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ۋاپادار ئىنسانلارمۇ ئاز ئەمەس، ئۇلار ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ، ئۆزىگە ئاددىي بىرەر ياخشىلىقى يەتكەن كىشىلەرنىمۇ رازى قىلماي قالمايدۇ. ئەمما بۇ ھاياتتا ئاش بەرگەن قازاننى چاقىدىغان خاراكتېردىكى تۇزكور ئىنسانلار ئىنتايىن كۆپتۇر.

سىز بىراۋغا ياخشىلىق قىلغان بولسىڭىزمۇ، ئۇنىڭدىن بىرەر ياخشىلىق ياكى ھېچ بولمىغاندا قۇرۇق رەھمەت سۆزىگە چاغلىق بىر نەرسىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان بولۇشىڭىز، ھەتتا ئالدىڭىزدا خۇشامەت قىلىپ، ئارقىڭىزدا سىزنى سۆكىدىغان ئىنسانلارنىمۇ ئۇچراتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. سىز بۇنداقلارنى قويۇپ تۇرۇڭ، ئۇلاردىن ئاغرىنىپ ئۆزىڭىزنى بىئارام قىلماڭ. چۈنكى سىزنىڭ ئۆمرىڭىز بۇنداقلارنى ئەيىبلەش ياكى تۇزكورلار دۇنياسى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئىسراپ قىلغۇدەك ئۇزۇن

ئەمەس. شۇڭا سىز ئۇلارنى رەببىگە قويۇپ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ ۋە ئۇلار جاراھەت قىلغان قەلبىڭىزنى ئاللاھ تائالانىڭ «ئەششەكۇر» دېگەن ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن داۋالاڭ.

ئىنسانلار سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزغا تۇزكورلۇق قىلغان ۋە سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزنى جاۋابسىز قالدۇرغان بولسا، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالا ئاز ئەمەلگە كۆپ مۇكاپات بېرىدىغان، ياخشى نىيەتلەرگە ساۋاب بېرىدىغان، ھېچقانداق بىر ياخشى ئەمەلنى مۇكاپاتسىز قويمايدىغان كەرەملىك زاتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ «ئەششەكۇر» دېگەن ئۇلۇغ ئىسمى بەندىلىرىنىڭ ئاز ئەمەلگە كۆپ مۇكاپات بەرگۈچى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا خالىس نىيەت بىلەن قىلىنغان ئىنتايىن ئاز ياخشى ئەمەلگىمۇ كۆپلەپ مۇكاپات بېرىدۇ. ياخشى ئەمەل قۇرئان كەرىمدە ئىمان بىلەن ياندىشىپ كەلتۈرۈلگەن. ياخشى ئەمەلنىڭ چەك ـ چېگراسى يوقتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئەمەل دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزگە «ئەششەكۇر» دېگەن بۇ ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ئەيىبلىرىمىزنى يۆگەيدۇ، ياخشى ئەمەللىرىمىزنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، مۇكاپاتىنى كۆپەيتىدۇ، خالىس قىلىنغان ئاددىي بىر ئەمەلىمىزگە كۆپلەپ مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ، دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلىدۇ، بىزگە تەن ساقلىقى، خاتىرجەملىك، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئاتا قىلىدۇ، پۇل ـ مېلىمىزغا، پەرزەنتلىرىمىزگە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ، بىزنى نۇرغۇن ئادەملەر ساق قالمىغان بالالاردىن ساقلايدۇ، نۇرغۇن ئادەملەرگە نېسىپ بولمىغان ھىدايەت يولىدا

مۇستەھكەم قىلىدۇ، بىزنى ئۆز ھىمايىسىدە قوغدايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ «ئەششەكۇر» دېگەن بۇ ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا لايىق بولۇشنىڭ شەرتى ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قايتۇرىدىغان كەرەملىك زات ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، ئەمەللەرنى ئۇنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

﴿مَثَلُ الَّذِينَ يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنْبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنْبُلَةٍ مِئَةُ حَبَّةٍ وَاللَّهُ يُضَاعِفُ لِمَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ يەنى «ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسى يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا يۈز تالدىن دان تۇتقان بىر تال ئۇرۇققا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە (ئۇنىڭ ئەجرىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ. ئاللاھ (مەرھەمىتى) كەڭ، ھەممىنى بىلگۈچى زاتتۇر»[1]. بىر تال ئۇرۇقنىڭ 700 ھەسسىگە كۆپىيىشى ئاللاھ تائالانىڭ پەزل ـ كەرەمى ۋە ئۇنىڭ «ئەششەكۇر» دېگەن ئۇلۇغ ئىسمىنىڭ بەرىكىتى بىلەن بولىدۇ. بۇ ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتى ھەققىدە كەلتۈرۈلگەن بىر مىسال بولۇپ، پۇل ـ مال سەرپ قىلىشلا ئەمەس، بەلكى بەلكى ھەرقانداق بىر ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق كۆپەيتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ پەزل ـ كەرەمى بىلەن ھېسابلار ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا بەزى ئەمەللەرگە ئون ھەسسە مۇكاپات بېرىدۇ. ﴿مَنْ جَاءَ بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ عَشْرُ أَمْثَالِهَا...﴾ يەنى «كىمكى (دەرگاھىمىزغا) بىرەر

[1] بەقەرە سۈرىسى 261 ـ ئايەت.

ياخشىلىق بىلەن كەلسە، ئۇ ئۇ ئون ھەسسە ئارتۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ...»[1]. بەزى ئەمەللەرگە ئالدىنقى ئايەتتە كەلگەندەك 700 ھەسسە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مۇكاپات بېرىدۇ. بەزى ئەمەللەرگە ھېچقانداق مۇكاپات بېرىلمەيدۇ. بۇ ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئەمەس، كىشىلەر ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەللەردۇر.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى كىشىلەرنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغانلىقىنىڭ بەدىلىگە ئىككى ئالەملىك ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك قىلغان. نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەر ئەسىرلەر بويىچە، تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر مىلياردلارچە ئىنسانلارنىڭ دۇرۇت، سالاملىرىغا ۋە چىن مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتلىرى ۋە مەرتىۋىلىرى ئاللاھدىن يۇقىرى بولىدۇ. بۇ دۇنيادىكى چەكلىك ئۆمرىنى كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشقا ئاتىغان مەزكۇر پەيغەمبەرلەر بۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈرلىرىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە كۆپ ئەسىرلەر ۋە زامانلاردا مەدھىيەلىنىش، دىللاردا يادلىنىش بىلەن كۆرىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا «ئەششەكۇر» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## زەررىچىلىك ئەمەلىڭىزمۇ بىكارغا كەتمەيدۇ

بىرەر قېتىملىق ئىستىغپار، بىراۋنىڭ كۆڭلىگە خۇشاللىق بېغىشلاش، ھەتتا يولدىكى بىرەر تاشنى ئېلىۋېتىش دېگەندەك ئاددىي ۋە تولىمۇ كىچىك ئىشلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئاللاھدە

[1] ئەنئام سۈرىسى 160 - ئايەت.

مۇكاپات بېرىدۇ. زەررە چاغلىق ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى زايە بولۇپ كەتمەيدۇ. ﴿فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ.وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ﴾ يەنى «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ.كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»[1]. زەررە — ماددىلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس ئەڭ كىچىك بىرلىكى[2] دېگەنلىك بولۇپ، زەررىنى كۆرمەك قىيىن، ئەمما زەررە چاغلىق ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرمەك مۇقەررەردۇر. شۇنداق زەررىچىلىك ئاددىي ئەمەل مال - دۇنيا، يۈز - ئابرۇي ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنىدە ئەسقاتىدۇ. ئەسقاتقاندىمۇ بىرگە نەچچە يۈز ھەسسە بولۇپ ئەسقاتىدۇ. شۇڭا، ياخشى ئىشنى ئاددىي سانىغىلى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بىر خورمىنىڭ يېرىمى بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار»[3] دەپ كۆرسەتكەن. بىر خورمىغا يەتمەيدىغان كىچىك نەرسىنى سەدىقە قىلىش بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار دېگەنلىكتۇر.

قوشنىلارنى راھەتسىز قىلماسلىق ئۈچۈن ئىشىكىڭىزنى سىلىق يېپىشىڭىز، كېچىدە ئۆيگە كىرگەندە ئۇخلىغانلارنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن سىلىق كىرىشىڭىز، مەسچىتكەكىرگەندە ياشانغان كىشىلەر كىرىۋالسۇن دەپ ئىشىكنى ئېچىپ تۇرۇشىڭىز، يامغۇر ياغقاندا ياكى سۇ چىقىپ كەتكەن يولدا ماڭغاندا يول بويىدىكى كىشىلەرگە سۇ چاچراپ كەتمىسۇن دەپ

[1] زەلزەلە سۈرىسى 7 - 8 - ئايەتلەر.

[2] «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 563 - بەت.

[3] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ماشىنىڭىزنى ئاستا ھەيدىشىڭىز، زۆرۈرىيەتسىز سىگنال چېلىپ باشقىلارنى راھەتسىز قىلماسلىقىڭىز قاتارلىق ئاددىي ۋە كىچىك ئىشلار — گەرچە كىشىلەر بۇ قىلغىنىڭىزنى ھېس قىلمىغان بولسىمۇ، — ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە كاتتا ئەمەلدۇر، مۇكاپاتىمۇ كاتتا بولىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامىي ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. «ئىمان يەتمىش نەچچە )ياكى ئاتمىش نەچچە(شاخچە بولۇپ، ئەڭ ئەۋزىلى ‹لائىلاھە ئىللەللاھۇ› ، ئەڭ ئاددىيسى يولدىن كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر»[1]. يەنى ئىماننىڭ يۇقىرىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىش بولسا، ئۇنىڭ تۆۋىنى كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشتۇر. بۇ مەنپەئەت مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، مۇھىم بولغىنى بىزدە كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارنى يامانلىقلاردىن قوغداش روھىنىڭ يېتىلىشىدۇر. مۇشۇ روھ يېتىلگەندە، ئادەم ھەقىقىي مەنىدىكى ئادىمىيلىك مەرتىۋىسىگە يېتىدۇ.

## ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ

ئاللاھ تائالا بىراۋغا ئۆزىنىڭ «ئەششەكۇر» دېگەن ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇنىڭ كىچىككىنە ئەمەلىنى ھەسسىلەپ چوڭايتىپ قوبۇل قىلىدۇ ۋە مۇكاپاتىنىمۇ كاتتا قىلىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بەندىنىڭ سەدىقىسىنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنى خۇددى تۆگە بالىسىنى پەرۋىش قىلغاندەك

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ»[1]. ئۆلىمالاردىن بىرى تىجارەتتە كاتتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىرىنىڭ ھېكايىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ شەرقىيە رايونىدا ئاددىي تۇرمۇشتا ياشايدىغان بىر كىشى ئۆي ئېلىش ئۈچۈن يىللاردىن بېرى ئائىلىسى بىلەن بىللە ئىشلەپ پۇل توپلىغان ئىكەن. بىر كۈنى جۈمە نامىزىدىكى خۇتبىدە «كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن بىر مەسچىتبىنا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتتە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قەسىر بىنا قىلىدۇ»[2] دېگەن ھەدىس ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. ئاندىن ئائىلىسىگە قايتىپ ئائىلىسىگە «بىز ئۆي ئېلىش ئۈچۈن يىغقان ئاشۇ پۇلغا ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئۆيىنى سېتىۋالساق قانداق دەيسىز؟» دەيدۇ. ئائىلىسى ئىككىلەنمەستىن «بولىدۇ» دەيدۇ ۋە پۇلنى چىقىرىپ بېرىدۇ. ئۇ كىشى بارلىق پۇلنى مەسجىد بىنا قىلىشقا ئىئانە قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ كىشى تىجارەت قىلىشقا باشلاپ، دەسلەپ ئاددىيغىنە بىر دۇكان ئاچىدۇ، ئاز ۋاقىت ئىچىدە كۆپ پۇل تاپىدۇ ۋە دۇكاننى چوڭايتىدۇ، ئاخىرى شىركەت قۇرىدۇ. يەنە كۆپ ئۆتمەي بىر قانچە يەردە شىركەتنىڭ شۆبىلىرىنى ئاچىدۇ، ھازىر ئۇنىڭ شەرقىيەدە ئون ئۈچ شۆبىسى بار ئىكەن.

## سەدىقە قىلىش بىلەن پۇل - مال كېمىيىپ كەتمەيدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سەدىقە قىلىش بىلەن پۇل ــ مال كېمىيىپ كەتمەيدۇ»[3] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ھەدىس قۇدسىيدا «ئى بەندەم! بەرگىن، مەن

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

[3] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

ساڭا بېرىمەن»[1] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. سىز ئاللاھ تائالانىڭ مۇشۇ ۋەدىسىگە چىن ئىشەنچ قىلىپ، بىر تىيىنغا چاغلىق پۇلنى بىرەر يوقسۇلنىڭ ئالقىنىغا قويغىنىڭىزدا، ئاللاھ تائالا سىزگە شۇ بىر تىيىننىڭ مۇكاپاتىنى ئاخىرەتتىن بۇرۇن مۇشۇ دۇنيادا بېرىشكە باشلايدۇ، شۇ سەدىقىنىڭ يۈزىسىدىن سىزگە بەرىكەت، تەن ساقلىقى، خاتىرجەملىك ۋە كۆتۈلمىگەن يەردىن ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ. مەلۇم بىر ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى ئالدىراپ جۈمەگە كېتىپ باراتتى. مەسچىتنىڭ ئالدىدا ياخشى ئىشلار ئۈچۈن ياردەم توپلاۋاتقان بىر كىشىنىڭ «رەببىمىز ‹بەرگىن، مەن ساڭا بېرىمەن› دەپ ۋەدە قىلدى، ياردەم قىلىڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، يانچۇقىنى كولايدۇ، يانچۇقىدا ئارانلا بەش رىيال پۇلى قالغان بولۇپ، ئۇنى ساندۇققا تاشلايدۇ، گويا «ئى رەببىم! بەرگىن دېدىڭ، بار پۇلۇمنى بەردىم، ئەمدى سەن ماڭا بەرگەيسەن» دېگەندەك، خىيالچان ھالدا مەسچىتكە كىرىپ كېتىدۇ. شۇ ئاخشىمى بىر دوستى ئۇنى يوقلاپ كىرىپ، «ئاداش! ماڭا بىر خەيرىيەت جەمئىيىتىدىن پۇل كەپتۇ، بۇ ماڭا ئارتۇق. شۇڭا ساڭا يېرىمىنى بېرەي» دەيدۇ. ئۇنىڭ ياق دېگىنىگە قارىماي، ئىككى مىڭ رىيال پۇلنى بېرىپ چىقىپ كېتىدۇ.

بىر كۈنى توساتتىن بىر ئائىلىنىڭ ئىشىكى چېكىلدى، ئايال ئالدىراپ چىقىپ قارىسا، بىر ھاجەتمەن تۇرغۇدەك. ئايال پارچە پۇل ئىزدەپ يانچۇقىنى كولىۋىدى، يۈز رىياللىق بىرلا قەغەز پۇل چىقتى. ئايال ئازراق ئىككىلەندى ـ دە، قولىدىكى يۈز رىيالنى ھاجەتمەنگە بېرىۋەتتى. ئايال «ئى

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئاللاھ! بىرگە ئوننى، بىرگە ئوننى» دېگەنچە ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ ناشتىلىق تەييارلىدى. ئېرى بىلەن ناشتا قىلىۋاتقاندا، ئېرى قېلىپ قالغان بىر پارچە نانغا شەرقتىن كېلىۋاتقان... 

ئاللاھ! بىرگە ئوننى، بىرگە ئوننى» دېگەنچە ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ ناشتىلىق تەييارلىدى. ئېرى بىلەن ناشتا قىلايلى دەپ ئولتۇرۇشىغا ئۇستەل ئۈستىدە بىر كونۋېرتنىڭ تۇرۇپ قالدى. بۇ ئارىدا ئېرى ئۇنىڭغا بۇ كونۋېرتنى تونۇغۇن پوچتىدىن تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى ئېيتىپ ئايالىغا سۇندى. ئېچىپ قارىسا، ئايالنىڭ گېزىتكە ئەۋەتكەن بىر ماقالىسى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن مىڭ رىيال مۇكاپات پۇلى ئىكەن. ئايالنىڭ ھاجەتمەنگە بەرگەن يۈز رىيال سەدىقىسى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئون ھەسسە ئاتا قىلىپ مىڭ رىيالنى ئۇدۇللىغان ئىدى.

﴿وَمَا تُقَدِّمُوا لِأَنْفُسِكُمْ مِنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِنْدَ اللَّهِ هُوَ خَيْرًا وَأَعْظَمَ أَجْرًا﴾ يەنى «ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قانداقلا بىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، ئەلۋەتتە ئۇنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كاتتا مۇكاپات بولغان ھالدا تاپىسىلەر»[1]. ئەمەلىڭىز مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، مەيلى ئىنتايىن كىچىك بولسۇن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا تولۇقى بىلەن تاپىسىز. ئاللاھ تائالا سىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ياخشى ئەمەللىرىڭىزنىڭ مۇكاپاتىنى ئاخىرەتكە ساقلاپ قويىدۇ. ئاخىرەتتىكىئەڭ زور ئېھتىياجلىق بولغان پەيتىڭىزدە سىزگە ئەسقاتىدۇ. شۇڭا، دۇنيالىققىلا باغلىنىپ قالماستىن، ئاخىرەتلىكنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇش لازىم.

---

[1] مۇززەممىل سۈرىسى 20 – ئايەت.

## الجبار ـ ئىسلاھ قىلغۇچى، قەھر قىلغۇچى ۋە ئايىغۇچى

ھاياتىڭىز رەھىمسىزلىكى سىزنى قىيناپ قويىدىمۇ؟ تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى بېلىڭىزنى ئېگىپ قويىدىمۇ؟ ئىنسانلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى دىلىڭىزنى بىئارام قىلدىمۇ؟ ئەقىلسىزلەرنىڭ تەنتەكلىكى كۆڭلىڭىزنى رەنجىتتىمۇ؟

سىز راستتىنلا دەردلىرىڭىزگە داۋا، رەنجىگىزگە شىپا تىلەمسىز؟ كۆڭلىڭىزگە تەسەللى ئىستەمسىز؟ يۈرەك يارىلىرىڭىزنى تېڭىشنى خالامسىز؟ ئۇنداقتا، سىز ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلجەببار» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن تونۇشۇڭ، بۇ ئىسىمغا بولغان ئىمانىڭىزنى كۈچەيتىڭ، بارلىق يارىلىرىڭىزنى ئاللاھ تائالانىڭ مۇشۇ ئىسمى بىلەن تېڭىڭ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلجەببار» دېگەن مۇبارەك ئىسمىنىڭ مەنىلىرىدىنبىرى بەندىلىرىنىڭ يۈرەك يارىلىرىنى تاڭغۇچى، ھەر خىل ئاغرىقلىرىغا شىپالىق بەرگۈچى، دىللىرىغا تەسەللى بەرگۈچى دېگەنلىكتۇر.

ئەرەب تىلىدا تېڭىقنى «جَبِيرَة» دەيدۇ، تاڭغۇچىنى «جابىر» دەيدۇ. «جەببار» دېگەن سۆز «جابىر» دېگەن سۆزنىڭ مۇبالىغە شەكلى بولۇپ، ھەمىشە تاڭىدىغان دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلجەببار» دېگەن مۇبارەك

ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق ئۈچ خىل مەنىدە كەلگەن:

رەھىم ـ شەپقەت قىلىش ۋە كۆيۈنۈش مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئاجىزلارنى يۆلەيدىغانلىقىنى، رەنجىگەنلەرنىڭ يۈرەك يارىلىرىنى ئۆزىنىڭ رەھىم ـ شەپقىتى بىلەن تاڭىدىغان، كېسەللىرىگە ۋە بارلىق دەردلىرىگە شىپالىق بېرىدىغانلىقىنى، ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇشۇ مۇبارەك ئىسمى بىلەن ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ، كېسەللەرگە شىپالىق بېرىدۇ، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ئوڭايلىق بېرىدۇ. شۇڭا بىز نامازلىرىمىزدىكى ئىككى سەجدە ئارىلىقىدا «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاجْبُرْنِي وَارْفَعْنِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي»«ئى ئاللاھ! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، يارىلىرىمنى تاڭغىن، مەرتىۋەمنى يۇقىرى قىلغىن، مېنى توغرا يولغا باشلىغىن ۋە ماڭا رىزىق بەرگىن»[1] دەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇلغان.

كۈچ ـ قۇۋۋەت مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىنسانلارنى ئەزگەن ۋە ئۇلارغا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان زالىملارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ جازالايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۈستۈنلۈك مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ جىمى خەلقىگە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى، رەھىم ـ شەپقىتى ۋە ياردىمى بىلەن ئۇلارغا يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى جاراھەتلىرىنى تاڭغۇچى، شىپالىق بەرگۈچى ۋە كۆڭۈللەرگە تەسەللى

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

بەرگۈچى زاتتۇر. يىقىلىپ كېتىش، تېيىلىپ كېتىش دېگەندەك كېلىشمەسلىكلەر يوغان قىلىسا ئىنسانلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى سۇندۇرىدۇ، ئەمما ئاھانەت، دىل ئازار، شەپقەتسىزلىك، خىيانەت قاتارلىق قىلمىشلار ئىنساننىڭ دىللىرىنى سۇندۇرىدۇ، يۈرەكلىرى ئېزىلگەن، دىللىرى سۇنغان كىشىلەرنىڭ دەردىنى يەنە شۇنداق يۈرەكلىرى ئېزىلگەن، دىللىرى سۇنغانلار بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ مۇشۇنداق ھەر تۈرلۈك سۇنۇقلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ «ئەلجەببار» يەنى تاڭغۇچى، ئاسرىغۇچى دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن داۋالايدۇ.

ھاياتنىڭ رەھىمسىزلىكى، دۇنيانىڭ ھەلەكچىلىكى، تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقى بىلىنى ئېگىپ قويغان، كۆڭلىنى پەرىشان قىلغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىلىنى ئاللاھ تائالا ئۆز شەپقىتى بىلەن رۇسلايدۇ، كۆڭۈللىرىگە تەسەللى بېرىدۇ، ئاللاھ تائالا يوقسۇللارغا ياردەم قىلىدۇ، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلايدۇ، كېسەللەرگە شىپالىق بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرگە ئىككى سەجدە ئارىسىدا ۋە بارلىق دۇئالىرىمىزدا «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاجْبُرْنِي وَارْفَعْنِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي» «ئى ئاللاھ! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، يارىلىرىمنى تاڭغىن، مەرتىۋەمنى يۇقىرى قىلغىن، مېنى توغرا يولغا باشلىغىن ۋە ماڭا رىزىق بەرگىن»[1] دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن. «يارىلىرىمنى تاڭغىن» دېگەن دۇئا كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇنلىغان كۆڭۈلسىزلىكلەر ۋە كۈتۈلمىگەن كېلىشمەسلىكلەرگە ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھ تائالانىڭ شەپقىتىگە موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

بىرەر دەردمەننى كۆرسىڭىز ، ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇڭ، بىرەر موھتاجنى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىڭ، يىغلىغاننى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتۈڭ، ئاچ قالغاننى كۆرسىڭىز چوقۇم ئۇنى تويغۇزۇڭ، غەمكىننى كۆرسىڭىز ئۇنىڭ دىلىغا ئۈمىد شامىنى يېقىڭ. ئاللاھ تائالانىڭ سىز ئارقىلىق بەندىلىرىنىڭ يۈرەك يارىلىرىنى تېڭىشىغا سازاۋەر بولۇڭ. ئاللاھ تائالانىڭ سىزنى بۇ شەرەپلىك كاتتا ئىشلارغا ئىشلەتكەنلىكىدىن خۇشال بولۇڭ. بۇ سىز ئۈچۈن نېمىدېگەن كاتتا شەرەپ، ھە!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يەھۇدىي بالىنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ ئۇنى ئالەمچە خۇشال قىلىۋېتىدۇ، بۇ خۇشاللىق پۈتۈن ئائىلىگە يېتىدۇ.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئەما ئايالنىڭ ئۆيىنى سۈپۈرۈپ بېرىش ۋە تامىقىنى پۇشۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۇ ئايالنىڭ دىلىنى يايرىتىۋېتىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان يوقسۇل ئائىلىلەر ئۆزلىرىگە يىللاردىن بېرى يوشۇرۇنچە يېمەك ـ ئىچمەك يەتكۈزۈپ بېرىپ كېلىۋاتقان كىشىنىڭ ئاشۇ ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەسرەت چېكىدۇ ۋە ھەققىدە كۆپ دۇئا قىلىشىدۇ.

بىر كۈنى ئەللامە ئىبنى تەيمىيە ئۆزى بىلەن جىددىي پىكىر ئىختىلاپىدا بولۇپ كېلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ، كىشىلەر بۇ خەۋەرنى

ئۇنىڭغا «رەقىبسىز ئۆلدى» دېگەن مەنىدە خۇش خەۋەر ئورنىدا يەتكۈزۈلگەندە، ئەللامە ئىبنى تەيمىيە ئۇلارغا قاتتىق ئاچچىقلىنىدۇ ۋە دەرھال ئۇ كىشىنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، ئۇلارغا تەسەللى بېرىدۇ، مۇسىبەتلىك كۈنلىرىدە ئۇلارنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ سولغۇن كۆڭۈللىرىنى ياشارتىدۇ.

ئۇلار كىشىلەرنىڭ سولغان كۆڭۈللىرىنى ياشارتىش ۋە دەردلىرىگە دەرمان بولۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى شۇنداق كاتتا شەرەپلىك ئىشلارغا ئىشلەتكەن. نەتىجىدە، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلجەببار» دېگەن مۇبارەك ئىسمىنىڭ دىللارغا تەجەللى قىلىشىغا ۋەسىلە بولغان.

ئاللاھ تائالا دىلى سۇنغان، كۆڭلى ئازابلانغان، بىرەر ياردەمگە، بىرەر مېھىر ـ شەپقەتكە ۋە بىرەر تەسەللىگە ئىنتايىن موھتاج بولغان كۆپلىگەن بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى ۋە ياردىمىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق ياخشى كىشىلەرنى ئىشلىتىدۇ، شۇلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلايدۇ. ھاياتىمىزدا بۇنىڭ مىساللىرىنى ناھايىتى كۆپ كۆرىمىز.

دوستلىرىمدىن بىرى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: «بىر كۈنى ھاۋانىڭ ئىنتايىن ئىسسىق سائەتلىرىدە ھەرەمنىڭ ئەتراپىدا بىر مومايىنىڭ ناھايىتى تەسلىكتە ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. قارىسام ھارۋىدىكى نەرسىلەر سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ چىققان ئۇششاق ـ چۈششەك تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ئىكەن. مومايىنىڭ قورۇق

باسقان يۈزى ئاپتاپتا قارىيىپ كەتكەن، قوللىرى يېرىلىپ كەتكەن، ئۈستى بېشىدىن تەر قۇيۇلماقتا ئىدى. مومايغا قاراپ ئانامنى ئەسلىدىم، توغرىسى مومايدا ئانامنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا قاتتىق ئىچىم ئاغرىدى، ئىختىيارسىز يىغلاپ سالدىم. يېنىمدا بار بولغان ئازراق پۇلۇمنى ئۇنىڭغا بەردىم ۋە خارۋىسىنى ئىتتىرىپ سايىغا ئاپىرىپ بېرىپ موماي بىلەن خوشلاشتىم. بىر قانچە كۈنگىچە بۇ مەنزىرە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتمەيلا ئاللاھ تائالا مېنى قاتتىق خۇش قىلىۋەتتى، خۇددى مەن ھېلىقى مومايىنى خۇش قىلغاندەك خۇش قىلىۋەتتى. چۈنكى مەن ئۇزۇندىن بېرى ھەل قىلالمىغان ئىشىم ھەل بولدى ۋە بانكامغا كۆپ مىقداردا پۇل كىردى».

مەككىدە ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى بېشىدىن ئۆتكەن بىر قىسسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بىر كۈنى ئاخىرقى ئىمتىھانغا ئۈلگۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۇنىۋېرسىتېتقا كېتىۋاتاتتىم. يولدا بىر كىشى ماشىنامنى توستى ۋە ساقچى ئىدارىسىنى سورىدى، مەن ئالدىراش بولساممۇ، ئۇنى ماشىنامغا ئېلىۋالدىم. يولدا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇ كىشى ئەسلىدە ئۆمرىگە كەلگەن بولۇپ، ئۈچ كۈن بۇرۇن قول سومكىسىنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ، پاسپورتى، پۇلى ۋە ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىكەن. ئۇ ئۈچ كۈندىن بېرى يولدا ياتقانلىقىنى ۋە كىشىلەر نېمە بەرسە شۇنى يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، ئارقىدىن قاتتىق يىغلاپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا: «تاغا ئۆزىڭىزنى خار قىلىپ يۈرمەڭ، پەقەت ئاللاھقا سەجدە قىلىپ دەردىڭىزنى ئېيتىڭ،

ئاللاھ سىزگە چىقىش يولى بېرىدۇ» دەپ تەسەللى بەردىم ۋە يانچۇقۇمنى ئاختۇرسام ئاران 83 ريال پۇلۇم بار ئىكەن. ھەممىنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىم. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئىمتىھان نەتىجىلىرى چىقتى، مەن چوقۇم ئۆتەلمەيمەن دەپ ئويلىغان، شۇنداقلا ئەڭ قورقىدىغان پەندىن 83 دەرىجە ئالغانلىقىمنى بىلدىم. ئەھۋالدىن بىر ئاز ھەيران قالغان بولساممۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن بەك سۆيۈندۇم».

دۇنيادا ھېچقانداق ئىش تاسادىپىي بولۇپ قالمايدۇ، ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ. 83 رياللىق ياردەمنىڭ ئەڭ قىيىن پەندىن 83 دەرىجە ئېلىشقا سەۋەب بولغانلىقى تاسادىپىيلىق ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشىدۇر.

ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، بىز قانچىلىك ئىنكار قىلساقمۇ، كۆرمەسكە سېلىۋالساقمۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەربىرى ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنى، ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ ۋە ھېچقانداق بىر ئىشنىڭ تاسادىپىي بولۇپ قالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ تۇرىدۇ. بۇ قىسسىدە، ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئوقۇغۇچىنى كۆڭلى يارىلانغان شۇ كىشىنىڭ يارىسىنى داۋالاشقا ئىشلەتكەن، ئاندىن ئۇنىڭغا ئېگىشلىك مۇكاپاتىنى بەرگەن.

قىسقىسى، سىز كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسىڭىز، ئاللاھ تائالا چوقۇم سىزنىڭ ھاجىتىڭىزنى راۋا قىلىدۇ، سىز باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلسىڭىز، ئاللاھ تائالا چوقۇم سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسىڭىز، ئاللاھ تائالا سىزنىڭمۇ

ئـەڭ چـوڭ ۋە ئـەڭ زور ھاجىتىڭىزنـى راۋا قىلـىپ بېرىـدۇ. ﴿هَـلْ جَـزَاءُ الْإِحْسَـانِ إِلَّا الْإِحْسَـانُ﴾ «ياخشـىلىقنىڭ مۇكاپاتـى پەقەتـلا ياخشـىلىقتۇر»[1].

ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىنىڭ دەردلىرىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولۇشنى خالىسا، خالىغىنىنى قىلىدۇ، بەدىلى قانچىلىك بولۇپ كەتسۇن، قىلچە پـەرۋا قىلمايـدۇ. ئىنسـانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۆلگىسـى ھەزرىتـى مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالام تائىـف شـەھىرىدىن مۇبـارەك پۇتلىرىدىـن قـان ئاققان ھالـدا غەمكىـن قايتىـپ كەلگـەن ۋاقتىـدا، ئاللاھ تائـالا ئۇنىڭغـا جىبرىئىلنـى ئەۋەتـىپ، «ئەگـەر خالىسـاڭ سـاڭا تـاش ئېتىـپ ئەزىيـەت بەرگـەن تائىفلىقلارنىـڭ ئۈسـتىگە ئەخشـەبەين تېغىنـى باسـتۇرىمەن» دېگـەن.

ئاللاھ تائـالا بىـرەر بەندىسى ئۈچۈن دۇنيانـى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممـە نەرسـىنى ھـالاك قىلىۋېتەلەيـدۇ. ئـۆز ۋاقتىـدا نـۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنـى مەسـخىرە قىلـىپ كۆڭلىگـە ئـازار بەرگەنـدە، نـۇھ ئەلەيھىسسـالام ئاللاھ تائالاغـا ئىلتىجـا قىلـىپ، ﴿أَنِّـي مَغْلُـوبٌ فَانْتَصِرْ﴾ «مـەن راسـتتىنلا ئۇلارغا تـەڭ كېلەلمىدىم، مـاڭا يـاردەم قىلغىـن»[2] دېگەن قەۋمىگە قارشـى يـاردەم تىلىگەن. شـۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا «توپـان بالاسـى»نى ئەۋەتـىپ، يـەر يۈزىنـى سـۇدا غـەرق قىلغـان. يەنـى نـۇھ ئەلەيھىسسـالام ئۈچۈن دۇنيانـى غـەرق قىلىۋەتكـەن. ئاللاھ تائالادىـن باشـقا بىـرى شـۇنداق قىلالامـدۇ؟

[1] رەھمان سۈرىسى 60 - ئايەت.

[2] قەمەر سۈرىسى 10 - ئايەت.

# الشافي ــ شىپالىق بەرگۈچى

بىرەر ئاغرىقتىن دەرتلىنىۋاتامسىز؟

- جىسمانىي ياكى مەنىۋى كېسەللىكلىرىڭىزدىن خالاس بولۇشنى خالامسىز؟
- ھەقىقىي شىپالىق ئىزدەۋاتامسىز؟

ئۇنداقتا، ئاللاھ تائالانىڭ «الشافي ــ ئەششافىي ــ شىپالىق بەرگۈچى» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن تونۇشۇپ چىقىڭ، ئۇنىڭغا بولغان ئىمانىڭىزنى كۈچەيتىڭ. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ مۇبارەك ئىسمىنى ۋەسىلە قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ياكى بالىچاقىلىرىڭىزنىڭ ۋەياكى قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ رەنجىگە شىپا، بارلىق دەرتلىرىگە داۋا تىلەڭ. ناۋادا ئاللاھ تائالا سىزگە ۋە سىز ئۇنىڭدىن شىپالىق تىلىگەن كىشىلىرىڭىزگە ئۆزىنىڭ «ئەششافىي» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلسا كېسەلدىن ئەسەر قالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا كېسەللىكنى سالغۇچى، ئۇنىڭ شىپاسىنى، شىپا تېپىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ياراتقۇچى ۋە خالىغان چاغدا سەۋەبلەردىن بىھاجەت قىلغۇچى زاتتۇر.

- ئاللاھ تائالا خالىسا بىرەر سەۋەب بىلەنلا شىپالىق بېرىدۇ.

- خالىسا ئەڭ ئاددىي سەۋەب بىلەنمۇ شىپالىق بېرىدۇ.
- خالىسا سەۋەبسىزمۇ شىپالىق بېرىدۇ.
- خالىسا قىلىنغان سەدىقىنىڭ يۈزىسىدىن شىپالىق بېرىدۇ.
- خالىسا تەۋبە ـ ئىستىغپارنىڭ سەۋەبى بىلەن شىپالىق بېرىدۇ.
- خالىسا ئىبادەت ۋە دۇئالارنىڭ سايىسىدا شىپالىق بېرىدۇ.
- خالىسا بەندە ھېچ ئىش قىلمىسىمۇ ئۆز پەزلىدىن شىپالىق بېرىدۇ.
- چۈنكى ئاللاھ تائالا شىپالىق بەرگۈچىدۇر.

توغرا، سەۋەب بىزدىن، شىپا ئاللاھ تائالادىن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا شىپالىق بېرىشنى خالىمىسا دۇنيانىڭ بارلىق سەۋەبلىرى ھېچبىر ئىشقا يارىمايدۇ، كېسەللەرنى ئاللاھ تائالا ساقايتىشنى خالىمىسا دۇنيانىڭ ئەڭ ئۇستا دوختۇرلىرىمۇ ساقايتالمايدۇ، ئاللاھ تائالا ساقايتىشنى خالىسا، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ياكى ھېچبىر سەۋەب قىلماستىن ساقايتىدۇ. بىز ھەرقانداق بىر كېسەلدىن ساقىيىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇلغان. سەۋەب قىلىش دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى. كېسەللەر نورمالدا دوختۇرغا كۆرۈنۈش ۋە داۋالىنىش بىلەن ساقىيىدۇ. ئەمما بەزى كېسەللەر دۇئا بىلەن، بەزىسى سەدىقە بىلەن، بەزىسى تەۋبە ـ ئىستىغپار بىلەن ساقىيىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى سەۋەب دائىرىسىگە كىرىدۇ.

كېسەللىك مەيلى ئېغىر بولسۇن، ياكى يېنىك بولسۇن،

ئىنسان ھاياتىدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان، ھېچقانداق ئادەم ئۇنىڭدىن خالىي بولالمايدىغان نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى، تۈرى ھەر خىل بولىدۇ.

ئىنساندىكى ئەڭ چوڭ يوقىتىش ئۆلۈم بولسا، تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان كىچىك يوقىتىش كېسەللىكتۇر. چۈنكى ئۆلۈم جاندىن ئايرىلىش بولۇپ، بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىق سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي يوقىلىشتۇر. ئەمما كېسەللىك ماغدۇردىن ئايرىلىش بولۇپ، ئەسلىگە كېلىش ئېھتىمالى كۆپ بولىدۇ. كېسەللىك بىر تەرەپتىن ئۆلۈمگە ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى كېسەللىك ئىنساندىكى پائالىيەتچانلىقنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنى ئۆز ھالى بىلەن ئولتۇرۇشقا ياكى يېتىشقا مەجبۇر قىلغاندەك، ئۆلۈم ئىنسانى ھەرىكەتتىن پۈتۈنلەي تۇختىتىپ ئۇنى قەبرىدە تا قىيامەتكە قەدەر يېتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

ئىنساننىڭ بېشىدىن ئۆتىدىغان نۇرغۇن ئىشلار ئۆلۈمگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئۇيقۇ، كېسەللىك دېگەندەك. ئىنساننىڭ بېشىدىن ئۆتىدىغان ھەربىر ھايات باسقۇچى بىزگە ئۆلۈمنى ئەسلىتىدۇ. مەسىلەن: ياشلىق بالىلىقنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، قېرىلىق ياشلىقنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. لېكىن ئىنسان ھېچ ئويلاپ كۆرمەيدۇ، ئىبرەت ئالمايدۇ، ئۆزىنى ئۆلمەيدىغاندەك ھېس قىلىدۇ.

كېسەلنى سالغۇچى ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭدىن شىپالىق بەرگۈچىمۇ ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كېسەللىكنى ئىرادە قىلىشىدا كۆپلىگەن ھېكمەتلەر ۋە سەۋەبلەر بولۇپ، شۇلارنىڭ بىرى ئىنساننىڭ ئۆز ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىشى

ۋە ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىگە قايىل بولۇشى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى كېسەلگە مۇپتىلا قىلىشىنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: بىزنى ھەقىقەتكە قايتۇرۇش، تەكەببۇرلۇقتىن ۋاز كەچكۈزۈش، كېسەللەرنىڭ ھالىغا يەتكۈزۈش، سەۋرىمىزنى ۋە رازىمەنلىكىمىزنى سىناش قاتارلىق نۇرغۇن سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن.

ئاللاھ تائالا بىزگە ئۆزىنىڭ «ئەششافىي — شىپالىق بەرگۈچى» دېگەن ئۇلۇغ ئىسمى شەرىپى بىلەن مۇئامىلە قىلغان چاغدا، بىزدە كېسەلدىن ئەسەر قالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھەر خىل يوللار بىلەن شىپالىق ئاتا قىلىدۇ. بەزىدە سەۋەب قىلدۇرۇپ شىپالىق بېرىدۇ، بەزىدە ئەڭ ئاددىي سەۋەب بىلەنمۇ شىپالىق بېرىدۇ، بەزىدە سەۋەبسىزمۇ شىپالىق بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بەزىدە دۇئا بىلەن، بەزىدە تەۋبە ـ ئىستىغپار بىلەن، بەزىدە سەدىقە بىلەن نۇرغۇن كېسەللەرگە شىپالىق ئاتا قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كېسەللىرىڭلارنى سەدىقە بىلەن داۋالاڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. بىزدىكى «سەدىقە بالانى يەر، تەۋبە گۇناھنى يەر» دېگەن سۆزنىڭ ئەلۋەتتە ھەقىقەتتىن دەلىلى بار.

ئۆلىمالاردىن بىرى مۇنداق بىر قىسسىنى بايان قىلىدۇ، «سەئۇدى ئەرەبىستاندا بىر باي بۆرەك كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان بولۇپ، مىسىرغا بۆرەك ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بارىدۇ. مىسىرنىڭ مەلۇم بىر دوختۇرخانىسىدا ياتىدۇ ۋە بىر قىزنىڭ بۆرىكىنى سېتىشقا كېلىشىدۇ. بۆرەك ئالماشتۇرۇش

ئوپېراتسىيەسى باشلىنىشتىن بۇرۇن ھېلىقى باي بۆرىكىنى ساتماقچى بولغان قىزنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. نەتىجىدە، قىز ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىلىدۇ. قىز ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بولۇپ، باي ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۆرىكىنى ساتىدىغانلىقىنى سورىغاندا، قىز: ‹مېنىڭ يېتىم ئۇكا ـ سىڭىللىرىم بار، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىشى ۋە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن پۇلغا ئېھتىياجىمىز بار ئىدى› دەيدۇ. باي بۇ قىزنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق سىلكىنىدۇ، ئەمدىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولىدۇ، بۆرەك ئالماشتۇرۇشتىن ۋاز كېچىدۇ ۋە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئوپېراتسىيەنى توختىتىشنى ۋە بۆرەك ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كېلىشكەن يۈزمىڭ رىيال پۇلنى بۇ قىزغا بېرىۋېتىپ، دەرھال سەئۇدى ئەرەبىستانغا قايتىشنى ئېيتىدۇ . باينىڭ بالىلىرى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، باي ئۆزىنىڭ سۆزىدىن يانماي قايتىپ كېتىدۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن، باي دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە بارىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، باينىڭ بۆرىكى قايتىدىن ئىشلەشكە باشلىغان بولۇپ چىقىدۇ. دوختۇرلار بۇنىڭغا ئىشىنەلمەي قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار باينى بۆرەك ئالماشتۇرۇشقا تەۋسىيە قىلغان ۋە بۆرەكنىڭ كاردىن چىققانلىقىنى ئانالىزلار بىلەن بىلدۈرگەن دوختۇرلارنىڭ ئۆزى ئىكەن»[1].

يەنە بىر كىتابتا ئوقۇغان بىر قىسسە ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بۇ ياۋروپادا ياشايدىغان بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ قىسسىسى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، كېسەلنىڭ

[1] «لأنك الله» 76 - بەت.

ئـەڭ ئاخىرقـى باسـقۇچىغا بېرىـپ قالغـان ئىدىـم. دوختـۇرلار مېنىـڭ بىـر قانچـە ئايلىـق ئۆمـرۈم قالغانلىقىنـى ئېيتقـان ئىـدى. شـۇنىڭ بىلـەن مـەن ھەرەمگـە بېرىـپ ئۆمـرە قىلىـپ، گۇناھلىرىمنىـڭ مەغپىرەتلىكىنـى تىلـەي ۋە ئۆلۈمگـە تەييارلىـق قىلاي دەپ، مەككىگـە باردىـم. ئۆمـرە قىلىـش ئەسناسـىدا ياشاشـقا بولغـان ئۈمىدىـم پەيـدا بولـدى. شـۇنىڭ بىلـەن بارلىـق ئۈمىدىمنى ئاللاھ تائالاغـا باغـلاپ دۇئـا قىلدىـم، كېسـىلىمگە شـىپالىق تىلىدىـم . مـەن ھەرەمدىـن قايتىـپ ئۆيۈمگـە كېلىـپ، بىـر قانچـە ھەپتىدىـن كېيىـن، دوختۇرغـا كۆرۈنۈشـكە باردىـم. دوختـۇر بىـر قانچـە ئانالىزلارنـى ئالغاندىـن كېيىـن، ئـۆزى ھەيرانلىـق ئىچىـدە مـاڭا كېسـىلىم يوقلۇقىنـى ئېيتتـى. مەنمۇ دەسلەپ ئىشـەنمىدىم . دوختـۇر قايتـا ـ قايتـا شـۇنداقلىقىنى ئېيتقاندىـن كېيىـن، ئاللاھ تائالاغـا چىـن يۈرىكىمدىـن ھەمدۇسـانا ئېيتتىـم، سـەجدە قىلىـپ يۇخادىـن چىققـۇدەك يىغلىۋېلىـش ئۈچـۈن نامـازگاھ ئىزدەشـكە كىرىشـتىم».

ئاللاھ تائـالا «ئەششـافىي» دېگـەن مۇبـارەك ئىسـمى بىلـەن مۇئامىلـە قىلغانـدا، سـەۋەبكە ئـورۇن قالمايـدۇ، چۈنكـى ئاللاھ تائـالا ئـۇ چاغـدا سـەۋەبنى ئەمەلدىـن قالدۇرغـان بولىـدۇ.

شـۇڭا، سـىز چىـن قەلبىڭىزدىـن «يـا ئاللاھ!»، «يـا شـافىي» دەڭ! ئاللاھ رازىلىقىنـى كۆزلـەپ قىلغـان ئۇنتۇلمـاس ياخشـى ئەمەللىرىڭىزنى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىـپ ئاللاھ تائالاغـا يالـۋۇرۇڭ، يۇنـۇس ئەلەيھىسسالام قىلغـان مۇنـۇ دۇئانـى قىلىـڭ: ﴿لَآ إِلَـٰهَ إِلَّآ أَنـتَ سُـبْحَانَكَ إِنِّـى كُنتُ مِـنَ الظَّالِمِيْـنَ﴾ «(ئـى رەببىـم!) سـەندىن باشـقا ھەقىقـي ئىلاھ يوقتـۇر، سـېنى (جىمـى كەمچىلىكلەردىن) پـاك دەپ تەرىپلەيمەن،

ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»[1]. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام قىلغان مۇنۇ دۇئانى قىلىڭ: ﴿أَنِّي مَسَّنِيَ ٱلضُّرُّ وَأَنتَ أَرْحَمُ ٱلرَّاحِمِينَ﴾ «ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن»[2].

غارغا سولىنىپ قالغان ئۈچ كىشى ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان ئەڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلغاندەك، سىزمۇ ياخشى ئەمەللىرىڭىزنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىڭ.

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 87 ـ ئايەت.

[2] ئەنبىيا سۈرىسى 83 ـ ئايەت.

## الحفيظ ــ ساقلىغۇچى

ئەگەر سىز ھاياتىڭىزنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىدىن ياكى تەن ساقلىقىڭىزنىڭ ياخشى بولالماسلىقىدىن ياكى ئەھلى ئەۋلادىڭىزنىڭ كېلەچىكىدىن، يىراق جايلارغا ئوقۇشقا كەتكەن پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ يامان دوستلارغا ئارىلىشىپ قېلىپ، تۇياق يوللارغا كىرىپ كېتىشىدىن، ۋەياكى پۇل ــ مېلىڭىزنىڭ ھالاك بولۇشىدىن ئەنسىرىسىڭىز، بىلىڭكى، سىز ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلھەفىز» دېگەن مۇبارەك ئىسمىنىڭ مەنىسىنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىمانىڭىزنى يېڭىلاشقا موھتاج. چۈنكى سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى، تەن ساقلىقىڭىزنى، ئەھلى ئەۋلادىڭىزنى، پۇل ــ مېلىڭىزنى ۋە ھەممە نەرسىڭىزنى زايە بولۇشتىن ساقلىغۇچى زات ئاللاھ تائالادۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا «خير الحافظين» «ئەڭ ياخشى ساقلىغۇچى»، مۇبارەك ئىسىملىرىنى ئاتاپ دۇئا قىلغان قىلغان كىشىنى بارچە خەتەرلەردىن قوغدىغۇچى زاتتۇر. «بِسْمِ اللهِ الَّذِى لَايَضُرُّ مَعَ اِسْمِهِ شَىْءٌ فِى اْلأَرْضِ وَلَافِى السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيْعُ العَلِيْمُ» يەنى «ئىسمىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندا ھېچنەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[1].

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئەللامە مۇھەممەد ناسىر ئەسسەئدى مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ <ئەلھەفىز> دېگەن ئىسمى ئۇنىڭ مەخلۇقاتنى قوغداپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، خۇسۇسەن، سالىھ بەندىلىرىنى گۇناھلاردىن، ھالاكەتلەردىن ساقلايدىغانلىقىنى، ئۇلارغا بارلىق ھەرىكەت ۋە سۈكۈناتلىرىدا تامامى مېھرىبانلىقى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ».

ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى قوغدىغۇچىدۇر. شۇڭا بىز ھەربىر دۇئايىمىزدا: «اَللَّٰهُمَّ احْفَظْنِي مِنْ بَيْنِ يَدَيَّ وَمِنْ خَلْفِي وَعَنْيَمِيْنِي وَعن شِمَالِي وَمِنْ فَوْقِي وَأَعُوذُ بِعَظَمَتِكَ أَنْ أُغْتَالَ مِنْ تَحْتِي» يەنى «ئى ئاللاھ! مېنى ئالدىمدىن، كەينىمدىن، ئوڭ تەرىپىمدىن، سول تەرىپىمدىن ۋە ئۈستى تەرىپىمدىن قوغدىغىن. سېنىڭ ئۇلۇغلۇقىڭغا سىغىنىپ ئاستى تەرىپىمدىن سۈيىقەستكە ئۇچرىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن»[1] دەپ تىلەيمىز. دېمەك، ئاللاھ تائالا سىزنى ئالتە تەرىپىڭىزدىن قوغداپ تۇرىدۇ، سىزنى ئۆزىڭىز ھېس قىلمىغان خەتەرلەردىن، ھالاكەتلەردىن ساقلايدۇ. چۈنكى ئۇ بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان زاتتۇر.

ئاللاھ تائالا سىزنىڭ بارلىق ئەزالىرىڭىزنى ئاغرىق ـ سىلاقلاردىن ساقلايدۇ. شۇڭا بىز ھەر ئەتىگەندە، ئاخشامدا: «اَللَّٰهُمَّ عَافِنِي فِي بَدَنِي، اَللَّٰهُمَّ عَافِنِي فِي سَمْعِي، اَللَّٰهُمَّ عَافِنِي فِي بَصَرِي، لاَ إِلٰهَ إِلاَّ أَنْتَ» يەنى «ئى ئاللاھ! بەدىنىمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! كۆزۈمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! قۇلىقىمنى ساق قىلغىن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ئىلاھي مەبۇد يوقتۇر»[2] دەپ دۇئا

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

قىلىمىز. بۇ دۇئانىڭ ئەھمىيىتى شۇنچە زوركى، ناۋادا سىز كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارىڭىزنى يوقىتىپ قويسىڭىز، دۇنيا سىز ئۈچۈن قاراڭغۇلۇق ۋە جىمجىتلىق، ھايات سىز ئۈچۈن ئاچچىق بولۇپ كېتىدۇ. ﴿قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ أَخَذَ اللَّهُ سَمْعَكُمْ وَأَبْصَارَكُمْ وَخَتَمَ عَلَى قُلُوبِكُمْ مَنْ إِلَٰهٌ غَيْرُ اللَّهِ يَأْتِيكُمْ بِهِ﴾ «(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «دەپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھ سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى گاس، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ قويسا، دىللىرىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا قايسى ئىلاھ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟»»[1]. ئاللاھ تائالا كۆز، قۇلاق قاتارلىق ئەزالىرىڭىزنى ئاغرىق ۋە خەتەرلەردىن ساقلىغاندەك، ئۇلارنى نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراشتەك، غەيۋەتكە قۇلاق سېلىشتەك ھارام ئىشلاردىن ساقلايدۇ. چۈنكى ناۋادا ئاللاھ تائالا ئەزالىرىڭىزنى ھارامدىن ساقلىمىسا، سىز گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن ئۆزىڭىزنى قوغداپ قالالمايسىز، ئاندىن قىيامەت كۈنى بۇ ئەزالىرىڭىز سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ﴿حَتَّىٰ إِذَا مَا جَاءُوهَا شَهِدَ عَلَيْهِمْ سَمْعُهُمْ وَأَبْصَارُهُمْ وَجُلُودُهُمْ بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾«ئۇلار دوزاخنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ»[2].

ئاللاھ تائالا سىزنىڭ دىنىڭىز ۋە ئەقىدىڭىزنى ساقلايدۇ. شۇڭا بىز ھەربىر دۇئايىمىزدا، سەجدىلىرىمىزدە: «اَللَّهُمَّ يَا مُقَلِّبَ الْقُلُوبِ ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِينِكَ» «ئى دىللارنى باشقۇرغۇچى ئاللاھ!

[1] ئەنئام سۈرىسى 46 - ئايەت

[2] فۇسسىلەت سۈرىسى 20 - ئايەت.

دىلىمنى دىنىڭغا مۇستەھكەم قىلغىن»[1] دەپ تىلەيمىز. چۈنكى ناۋادا ئاللاھ تائالا سىزنىڭ دىنىڭىزنى، ئەقىدىڭىزنى ۋە پىكرىڭىزنى ساقلىمىسا، سىزنىڭ ئېزىپ كېتىشىڭىز مۇقەررەر.

## ئازغۇنلۇقنىڭ يوللىرى كۆپتۇر

بەزى ئۆلىمالار ياشلىقىنى، ئۆمرىنى ۋە بارلىقىنى شەرئىي ئىلىمگە ئاتاپ، كۆپ يىل ئوقۇپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىنىنى، ئەقىدىسىنى ۋە پىكرىنى ئازغۇنلۇقتىن ساقلىمىغانلىقتىن، ئۇلار ئېزىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ بەزىسى مۇرتەد بولۇپ كەتكەن بولسا، بەزىسى بىدئەتچى بولۇپ كەتكەن، يەنە بەزىسى ئوقۇغانلىرىنى زالىملارنىڭ ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ رەزىل مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىپ ئاخىرەتلىكىنى بۇزۇپ تاشلىغان. گەرچە سىزنىڭ دىنىي جەھەتتىكى بىلىمىڭىز كۆپ بولمىسىمۇ، ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا قۇلچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىسىز، پەرز، ۋاجىب ۋە سۈننەت ئەمەللىرىنى جايىدا ئادا قىلىۋاتىسىز، هارام، گۇناھ ئىشلاردىن ساقلىنىۋاتىسىز. چۈنكى ئاللاھ تائالا سىزنىڭ دىنىڭىزنى، ئەقىدىڭىزنى ۋە ئەخلاقىڭىزنى ساقلىغان. بۇ ئەلۋەتتە كاتتا نېمەتتۇر. ئاللاھ تائالا ئىبراۋغا ئۆزىنىڭ «ئەل ھەفىز» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ئۇنى ئەنە شۇنداق ساقلايدۇ ۋە قوغدايدۇ. بۇ چاغدا بەندە ئۆزى ھېس قىلمىغان تۈرلۈك خەتەرلەردىن ۋە ھالاكەتلەردىن ساقلىنىپ قالىدۇ. ئابدۇللاھ قەسىيمىي دېگەن سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئالىم ئىسلامنى مۇداپىئە قىلىپ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان،

[1] ئىمام ئەھمەد، ھاكىم رىۋايىتى.

بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئىسلام ۋە بۇددىزم» ناملىق كىتابى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، ھەتتا بەزىلەر ئۇنى مۇشۇ كىتابى ئارقىلىق «جەننەتنىڭ بىلەتىنى ئېلىپ بولدى» دەپ ماختىغان ئىكەن. ئەپسۇسكى، بۇ ئالىم كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا پېتىپ مۇرتەدلىككىچە بېرىپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «مانا بۇ ئېغىر يۈك» (يەنى ئىسلام ئەنە شۇنداق ئېغىر يۈكتۇر) دەپ بىر كىتاب يازغان. بۇنداق ئېزىپ كەتكەن ئۆلىمالار ئاز ئەمەس. جانابى ئاللاھ بۇنداق ئاقىۋەتتىن جىمى مۇسۇلمانلارنى ساقلىغاي، ئامىين.

ئاللاھ تائالا «ئەلھەفىز» دېگەن مۇبارەك ئىسمى بىلەن سىزنىڭ دىنىڭىزنى، ئەقىدىڭىزنى ۋە ھەر نەرسىڭىزنى قوغدايدۇ. ناۋادا ئاللاھ تائالا سىزنى قوغدىمىسا، ھىمايە قىلمىسا، سىزنىڭ دېڭىزدەك مول ئىلمىڭىز، تەقۋادار قىياپەتتىكى يۈرۈش، تۇرۇشىڭىز، مۇسۇلمانچە كىيىنىشىڭىز، «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادقا ئالغان، «سەھىھۇلبۇخارىي»نى سۇدەك بىلگەن بولۇشىڭىز ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. شۇڭا بىز ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلھەفىز» دېگەن مۇبارەك ئىسمىنى ۋە باشقا گۈزەل ئىسىملىرىنى ۋەسىلە قىلىپ، ھەمىشە ئۇنىڭ بىزنى ساقلىشىنى ۋە قوغدىشىنى تىلەشكە موھتاج.

### ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى ساقلىغۇچىدۇر

﴿لَهُ مُعَقِّبَاتٌ مِنْ بَيْنِ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِ يَحْفَظُونَهُ مِنْ أَمْرِ اللَّهِ﴾ «ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئاللاھنىڭ ئەمرى

بويىچە ئۇنى قوغداپ تۇرىدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار»[1].

ئاللاھ تائالا سىز ئۈچۈن تۆت پەرىشتىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن سىزنى كېچە ـ كۈندۈزنىڭ بالايىئاپەتلىرىدىن ۋە تۈرلۈك خەتەرلىرىدىن قوغداپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ھاياتىمىزنى خەتەردىن، تېنىمىزنى كېسەلدىن، ئەقىدىمىزنى ئازغۇنلۇقتىن ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ساقلىغۇچىدۇر. شۇڭا بىز ھەر ئەتىگىنى رىزىق ئىشىگىنى ھالال ئەمگەك بىلەن قېقىش ئۈچۈن سىرتقا چىقماقچى بولغاندا، ئۆيدە قالغان ئەھلى ئەۋلادىمىزنى ئاللاھ تائالانىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇپ، «ئاللاھقا ئامانەت» دەيمىز. دوستلىرىمىز، تۇغقانلىرىمىز ۋە بىز ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق كىشىمىز بىلەن خوشلاشقان چاغدا، يەنە «ئاللاھقا ئامانەت» دەيمىز. پەرزەنتلىرىمىزنى مەكتەپكە يولغا سالغاندا، ياكى يىراق جايلارغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەندە، «ئاللاھقا ئامانەت» دەيمىز. چۈنكى دىنىمىز بىزنى شۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «أَسْتَوْدِعُكُمُ اللّٰهَ الَّذِي لاَتَضِيْعُ وَدَائِعُهُ» «سىلەرنى قويۇلغان ئامانەتنى قەتئىي زايە قىلىۋەتمەيدىغان زات ئاللاھقا ئامانەت قىلدىم»[2] دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن.

## ئاللاھ تائالا ساقلىغان كىشىگە ھېچكىم زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ

2016 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە ئائىز ئەلقەرنىي فىلىپپىندا سۆيىقەستكە ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكىگە قارىتىپ ئېتىلغان ئالتە پاي ئوق ئۇنى

---

[1] رەئد سۈرىسى 11 - ئايەت.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئۆلتۈرەلمىدى. شۇ ۋەقەنى نەق مەيداندا ئېلىپ تۇرغان ۋىدىيو كۆرۈنۈشىدە ئاشكارا بولۇشىچە، ئەللامە ئائىز ئەلقەرنىيگە ئوق ئاتقان كىشى بىر مېتىرلىق مۇساپىدىن ئۇنىڭ يۈرىكىگە قارىتىپ ئالتە پاي ئوق ئالغان، ئەللامە ئائىز ئەلقەرنىي تەرەپتىن ھېچقانداق قوغدىنىش بولمىغان، شۇنداق ئەھۋالدىمۇ، ئۇ ئۆلۈمدىن ساق قالغان. 1963 ـ يىلى شۇ ۋاقىتتىكى ئامېرىكا رەئىسى جون كېنىدى قەستكە ئۇچرىغاندا، ئۇ قوغدالغان مەخسۇس ئاپتوموبىلدا كېتىۋاتاتتى، ئەتراپىدا كۈچلۈك قوغدىغۇچىلىرى بار ئىدى. ئەمما جون كېنىدى بىر پاي ئوق بىلەنلا ئۆلدى.

ئەللامە ئائىز ئەلقەرنىي سۈيىقەستتىن ئامان قالغاندىن كېيىنكى باياناتىدا، «مەن ئەتىگەنلىك ۋەزىپىنى (زىكىر ۋە دۇئالىرىمنى) تولۇق ئوقۇپ يولغا چىققان ئىدىم» دېگەن. بۇ ۋەقەلىك ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلھەفىز» دېگەن مۇبارەك ئىسمىنىڭ مەنىسىنى، ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالارنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك دەرستۇر. بىزنىڭ ئۆلگىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە ئەتىگەن ۋە كەچتە ئوقۇلىدىغان دۇئالىرىمىز ئىچىدە: «بِسْمِ اللّٰهِ الَّذِي لاَيَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ وَهُوَالسَّمِيْعُ العَلِيْمُ» «ئىسمىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندا ھېچنەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[1] دېگەن دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇشنى ئۆگەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن: «يا غُلامُ إِنِّي أعلِّمُكَ كلِماتٍ، احفَظِ اللهَ يحفَظكَ، احفَظِ اللهَ تَجِدْهُ تجاهَكَ، إذا سأَلتَ فاسأَلِ اللهَ وإذا استَعَنتَ فاستَعِن باللهِ» «ئى بالام! مەن ساڭا بىر قانچە سۆز ئۆگىتىپ قوياي، ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا رىئايە قىلغىن، ئاللاھ سېنى قوغدايدۇ، ئاللاھ بېكىتكەن چەك ـ چېگرالارغا ئەمەل قىلغىن، ئاللاھ ساڭا ياردەم قىلىدۇ، باياشاتلىق كۈنلىرىڭدە ئاللاھنى ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھمۇ سېنى قاتتىق كۈنلىرىڭدە ئۇنتۇمايدۇ»[1].

ئاللاھ تائالا بەندىسىنى قوغداشنى خالىسا، ئۇنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قوغدايدۇ. كۇۋەيتلىك ئىسلام دەۋەتچىسى ئەللامە ئابدۇراھمان سەمىيت دېگەن كىشى ئافرىقىدا كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن 25 يىللىق ھاياتىنى ئاتىدى، مۇھتىنىڭ ناچارلىقى، ئىچىملىك سۇنىڭ ناچارلىقى، يىلان، چايانلارنىڭ كۆپلۈكى، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ يوقلۇقى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئوڭۇشسىزلىقلارغا بەرداشلىق بەردى، نەچچە قېتىم يىلان چېقىۋالدى، نەچچە ئون قېتىم ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىلارغا چۈشۈپ قالدى. ئەمما ئەڭ ئاخىرقى نەپەسىنى كۇۋەيتتا قايتىپ بېرىپ ئۆز ئۆيىدە ئۈزدى. ئاللاھ تائالا ساقلاشنى خالىسا، ئەنە شۇنداق ساقلايدۇ.

ئاللاھ تائالا بەزىدە بەندىلىرىنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولى بىلەن ساقلايدۇ. ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر كۈنى بىر قانچە نەپەر ئوغرى بىر ئائىلىگە ئوغرىلىققا كىرگەن بولۇپ، ئۇلار ئاۋۋال بوۋاق ياتقان ئۆيگە كىردى، ئاندىن بوۋاقنى سىلىققىنە

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

ئېلىپ باشقا بىر خانىغا يۆتكەپ قويىدى، بۇ ئارىدا بوۋاق ئويغىنىپ كېتىپ قاتتىق يىغلىدى. شۇنىڭ بىلەن بوۋاقنىڭ ئاتىسى بىلەن ئانىسى نېمە بولغاندۇ دەپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە يۈگۈرۈپ چىقىپ بوۋاق يىغلىغان خانىغا كىردى. بۇ چاغدا ئوغرىلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بوۋاقنىڭ ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ياتىقىغا كىردى. ئۇلار ئىشىكنى سىلىق تاقىۋېتىپ، ئەمدىلا ياتاقنى ئاختۇرايلى دەپ تۇرغان پەيتتە، ياتاق ئۆينىڭ تورۇسى يىقىلىپ چۈشۈپ ئوغرىلار شۇ جايدىلا جان بېرىشىدۇ، ئائىلە ئەزالىرى بولسا ھەممىسى سالامەت قالىدۇ. دېمەككى، ئاللاھ تائالا بۇ ئائىلە كىشىلىرىنى ئۆينىڭ ئاستىدا قېلىشتىن قوغداشنى ئىرادە قىلغان، ئوغرىلارنىڭ ئەجىلى يېتىپ كەلگەن.

### ئاللاھ تائالا سىزنى ھەربىر لەھزىدە قوغداپ تۇرىدۇ

سىزنى ھەربىر لەھزىدە كىمنىڭ قوغداپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەتتا ھەربىر دەقىقە ئىچىدە يۈزلەرچە قېتىم تۈرلۈك خەتەرلەردىن ساقلايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

سىزگە يېقىنلاشقان بولسىمۇ، سىز تېخى ھېس قىلمىغان ۋە ئويلاپمۇ قويمىغان نۇرغۇنلىغان بالايىئاپەتلەردىن، تۈرلۈك خەتەرلەردىن سىزنى قوغداپ تۇرۇۋاتقان زاتنى بىلەمسىز؟ ئۇ ئاللاھ تائالادۇر!

سىز بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان مۇشۇ لەھزىنىڭ ئۆزىدە ئاللاھ تائالا سىزنى ھەر خىل خەتەرلەردىن نۇرغۇن قېتىم ساقلايدۇ. مەسىلەن: يۈرىكىڭىزنى توختاپ قېلىشتىن، تومۇرلىرىڭىزنى توسۇلۇپ قېلىشتىن، ئەقلىڭىزنى يوقىلىپ كېتىشتىن،

بۆرەكلىرىڭىزنى ئىشلەشتىن توختاپ قېلىشتىن، نېرۋىڭىزنى چېچىلىشتىن، بېشىڭىزنى ئاغرىشتىن، ئاشقازىنىڭىزنى يارىدىن، پۇت ـ قوللىرىڭىزنى ھەرىكەتسىزلىكتىن، كۆزىڭىزنى ئەمالىقتىن، قولىقىڭىزنى گاسلىقتىن، تىلىڭىزنى تىلسىزلىقتىن ۋەياكى يامان گەپلەرنى قىلىشتىن ساقلايدۇ. يۇقىرىقى ئەزالىرىڭىزنىڭ بىرەرسىدىن چاتاق چىقسا، سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىز غەمكىنلىككە، كۆڭلىڭىز قاراڭغۇلۇققا، ھاياتىڭىز جەھەننەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. دېمەككى، ئۈستىمىزدىكى نېمەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر. ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئەزالىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ لەھزىنىڭ ئىچىدە ۋە كېيىنكى لەھزىلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق ساقلايدۇ. شۇڭا بىز ھەربىر لەھزىدە ئاللاھ تائالاغا كۆپلەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ: «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دېيىشكە تېگىشلىك.

## ئاللاھ تائالا بارچە مەخلۇقاتىنى ساقلىغۇچىدۇر

ئاللاھ تائالا بارچە مەخلۇقاتىنى تۈرلۈك تەدبىر ۋە چارىلەر بىلەن قوغدايدۇ، ھەربىر مەخلۇقاتنىڭ ئۆزىنى قوغدىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئوخشاش بولمىغان قوغدىنىش قوراللىرىنى ئاتا قىلغان بولۇپ، كېيىك ۋە توشقانغا ئوخشاش بەزى ھايۋانلارنى ئۇلارغا تېز يۈگۈرۈش قۇدرىتىنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق قوغدايدۇ، كالىغا ئوخشاش ھايۋانلارنى ئۇلارغا ئۈسۈش كۈچىنى ئاتا قىلىش بىلەن قوغدايدۇ، پىلغا ئوخشاش ھايۋانلارنى ئۆزىنىڭ يوغان بەستى بىلەن دۈشمەنلىرىنى قورقۇتۇش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلىش بىلەن قوغدايدۇ، يىلانغا ئوخشاش بەزى جانلىقلارنى جىسمىغا ئورۇنلاشتۇرغان زەھەر سايىسىدا قوغدايدۇ، قۇشلارنى قانىتىغا تايىنىپ ئۇچۇشنى ئىلھام قىلىش بىلەن ساقلايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئاللاھ تائالا ھەربىر ھايۋانغا ئۆزىنى قوغداش قورالىنى ۋە قۇدرىتىنى ئاتا قىلغان.

### دۇئا بىلەن سەۋەب بىر - بىرىگە زىت ئەمەس

ھەرقانداق يامانلىقتىن قوغدىنىش، خەتەرلەردىن ساقلىنىش ۋە ھەرقانداق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەۋەب قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى ۋە كائىناتنىڭ قانۇنىيىتىدۇر. سەۋەب بىلەن دۇئا خۇددى قۇشنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشاش زۆرۈر بولۇپ، ئۇ ئىككىسى بىزنى كۆزلىگەن مەنزىللەرگە يەتكۈزىدۇ ۋە كېلىشمەسلىكلەردىن بىزنى قوغدايدۇ. ئۆلگىمىز ۋە يولباشچىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئوقۇغان ئادەم بىلىدۇكى، ئۇ زات ئاللاھ تائالاغا تايىنىش بىلەن سەۋەب قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى قورالنى تەڭ قوللانغان، ھەرگىز سەۋەبكىلا ئىشىنىپ كېتىپ ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ قالمىغان ياكى ئاللاھ تائالاغا تايىنىش باھانىسى بىلەن سەۋەب قىلىشنى قولدىن بەرمىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ھىجرەتكە ئاتلانغان چاغدا قىلغان ئىشلىرى بىزگە بۇنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئىككىسى مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولۇپ يولغا چىققاندا، نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بەدىلىگە ئۇلارنى مۇشرىكلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا تۇتۇپ بېرىدىغانلارغا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن، قەيلۇلە ۋاقتىنى (يەنى چۈشتە ۋاقتى ھەممە ئادەم ئازراق ئۇخلاپ ئارام ئالىدىغان ۋاقتىنى) تاللىغان، ئاندىن مەدىنىنىڭ يولى بولمىغان بىر يولغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، سەۋر غارىغا يوشۇرۇنغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلغان ۋە ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغان. شۇنىڭ

بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاۋۋال سەۋەب قىلغان، ئاندىن ئاللاھ تائالاغا تايانغان، ھەتتا ئۇلارنى ئىزدەپ كەلگەن مۇشرىك قوشۇنلىرىنى غارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ بىر ئاز قورققانلىقىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ بەكرى! بىزنى ئىككىلا كىشى دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ ياق، بىز ئۈچ (يەنى ئاللاھ بىز بىلەن بىللە) دېگەن. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مەدىنىگە سالامەت بارغان. «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ چاغدىكى سۆزىنى ﴿لَا تَحْزَنْ إِنَّ اللَّهَ مَعَنَا﴾ «غەم قىلمىغىن، شەكسىزكى، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە»[1] دېگەن ئايەت بىلەن ئىپادىلىگەن.

ئەسھابۇلكەھف ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى ساقلاپ يولىدا زالىم پادىشاھنىڭ كۆزىدىن يىراق بولۇشقا بەل باغلىدى، ئاندىن بۇنىڭ سەۋەبىنى قىلىپ ئۆڭكۈرگە سىغىندى، ئاندىن ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلدى. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆڭكۈردە 309 يىل ئۇخلىتىپ قويۇش ئارقىلىق قوغدىدى.

## ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ

﴿إِنَّ اللَّهَ يُدَافِعُ عَنِ الَّذِينَ آمَنُوا﴾ «ئاللاھ (ھەقىقىي مۆمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ»[2]. شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىغا لايىق ياشىغان ۋە ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم تۇرغان، ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۆمىنلەرنى قوغدايدىغانلىقىغا چىن كۆڭلى بىلەن

---

[1] تەۋبە سۈرىسى 40 - ئايەت.

[2] ھەج سۈرىسى 38 - ئايەت.

ئىشەنگەن مۆمىنلەرنى ئاللاھ تائالا چوقۇم قوغدايدۇ، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ يامانلىقلىرىدىن ۋە سۇيىقەستلىرىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارغا ياردەم ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى قوغدىماقچى بولغاندا، ئۇلارنى تۈرلۈك يوللار ۋە ھەر خىل چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن قوغدايدۇ، بەزىدە ئۇلارنى قورال ۋە ئەسكەر كۈچىدە ئۈستۈن قىلىش بىلەن، بەزىدە ئۇلارنى مەنىۋى قۇۋۋەت بىلەن، بەزىدە كاپىرلارنىڭ يۈرەكلىرىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن قوغدايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿سَأُلْقِي فِي قُلُوبِ الَّذِينَ كَفَرُوا الرُّعْبَ﴾ «مەن كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن»[1] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئەپسۇسكى، ئىمان ئاجىزلاشقان، ئەخلاق سۇسلاشقان، دۇنيالىق ئاخىرەتلىكنى بېسىپچۈشكەن، مۇسۇلمانلىق شەكىلدىلا قالغان، رىياكارلىق بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئورنىنى ئالغان بۈگۈنكىدەك ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئاستىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى تولىمۇ يىراقتۇر.

[1] ئەنفال سۈرىسى 12 - ئايەت.

# الوكيل ــ ھامىي بولغۇچى

ھاياتتا نۇرغۇن ئىشلارغا كۈچىڭىز يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتامسىز؟ ھاياتلىقنىڭ تەھدىتلىرىگە يالغۇز تاقابىل تۇرۇشتىن ئاجىز كېلىۋاتامسىز؟ ئەھلى ئەۋلاد، پۇل ــ مال، تەن ساقلىقى ۋە جان قاتارلىق ھاياتلىقتىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىقلىرىڭىزنىقويۇلغان ئامانەتنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدىغان، كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك بىر زاتنىڭ يېنىدا ئامانەت قويۇشنى خالامسىز؟

ئۇنداقتا، سىز ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلۋەكىيل» دېگەن مۇبارەك ئىسمىغا بولغان ئىمانىڭىزنى كۈچەيتىڭ، بۇ ئىسمىنىڭ مەنىسىنى ئۆگىنىپ كۆڭلىڭىزنى ئارام تاپقۇزۇڭ.

«الوكيل» ــ ئەلۋەكىيل دېگەن سۆز ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى، ۋاكالەتچى، ۋەكىل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بولغان «الوكيل» ــ بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى تەسەررۇپ قىلغۇچى، ئۇلارغا ھامىي بولغۇچى، ئۇلارنىڭ رىزقىغا كېپىل بولغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ئومۇمىيۈزلۈك ۋەكىللىك بولۇپ، بىرى ئاللاھ تائالانىڭ جانلىق، جانسىز بارچە مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىرى، خاس ۋەكىللىك بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ يېقىن

بەندىلىرىگە بولغان ئىگىدارچىلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئوڭشايلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ «الوكيل» دېگەن مۇبارەك ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە ئون تۆت ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ﴿وَكَفَى بِاللَّهِ وَكِيلًا﴾ «ئاللاھ ساڭا يېتەرلىك تايانچتۇر»[1]، ﴿وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ﴾ «ئۇ ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر»[2]، ﴿وَاللَّهُ عَلَى مَا نَقُولُ وَكِيلٌ﴾ «ئاللاھ بىزنىڭ سۆزىمىزگە گۇۋاھتۇر»[3]، ﴿حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ﴾ «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ھامىي!»[4]. دېگەن ئايەتلەرنىڭ بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئىمام بۇخارىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ﴿حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ﴾ دېگەن ئايەتنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەمرۇد تەرىپىدىن ئوتقا تاشلانغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿الَّذِينَ قَالَ لَهُمُ النَّاسُ إِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُوا لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ﴾ «شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار» دېيىلگەندە ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان[5].

ئاللاھ تائالا چوڭ ـ كىچىك بارلىق ئىشلارنى تاپشۇرۇشقا، ھەربىر ئىشتا تايىنىشقا ۋە ئىشەنچ قىلىپ خاتىرجەم بولۇشقا تېگىشلىك يېگانە زاتتۇر. سىز قانداقلا بىر ئىشنىڭ ھەل

[1] نىسا سۈرىسى 81 - ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى 102 - ئايەت.

[3] قەسەس سۈرىسى 28 - ئايەت.

[4] ئال ئىمران سۈرىسى 173 - ئايەت.

[5] «سەھىھۇلبۇخارىي» 4563 - ھەدىس.

بولۇشىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغان بولىسىز، ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىڭىزدىن ئىشەنچ باغلىغان بولىسىز، ئۇ ئىشىنىڭ ھەل بولۇشىدىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولىسىز بولىدۇ. چۈنكى سىز ئۇ ئىشنى ئەڭ ئىشەنچلىك، ھەممىگە قادىر بىرىگە تاپشۇرغان بولىسىز. ئاللاھ تائالا ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: ﴿رَبُّ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَاتَّخِذْهُ وَكِيلًا﴾ «ئۇ مەشرىقنىڭمۇ، مەغرىبنىڭمۇ رەببىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. (بارلىق ئىشىڭنى) ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن»[1]. يەنى دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشلىرىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى ۋەكىل قىلىپ تۇتقىن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بىزنى «ئى ئاللاھ! بۇ ئىشىمغا سېنى ۋەكىل قىلدىم، ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئىشىمنى ئۆزۈڭ ھەل قىلىپ بەرگىن» دېيىشكە بۇيرۇيدۇ.

قېنى ئويلاپ بېقىڭ! يەر يۈزىدە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان، خالىغىنىنى قىلالايدىغان، نېمىنى خالىسا شۇنى ھېچبىر توسقۇنلۇقتا ئۇچرىماستىن ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان بىرىنى تاپالامسىز؟ ھەرگىز تاپالمايسىز. چۈنكى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم سىزنى ئاللاھ تائالادەك قوغدىيالمايدۇ، سىزگە ئاللاھ تائالادەك ياردەم قىلالمايدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى، ئەھلى ئەۋلادىڭىزنى، پۇل ـ مېلىڭىزنى، تەن ساقلىقىڭىزنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىڭىزنى ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايە قىلىشىغا تاپشۇرغان ۋاقتىڭىزدا نۇرغۇنلىغان ئاخىرى ئۈزۈلمەس غەملەردىن ۋە ئەندىشىلەردىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولغان بولىسىز. نەتىجىدە، تەن ساقلىقىڭىزنى، ئارامىڭىزنى ۋە راھىتىڭىزنى ساقلاپ قالغان بولىسىز.

---

[1] مۇززەممىل سۈرىسى 9 - ئايەت.

## ئىشلارنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش ئامانلىقتۇر

«التوكل على الله» يەنى ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ۋە ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش قەلبنىڭ ئەمەللىرىدىن بولۇپ، قەلبنىڭ ئەمەللىرى مەرتىۋە ۋە دەرىجە جەھەتتە بەدەننىڭ ئەمەللىرىدىن ئەلۋەتتە يۇقىرىدۇر. مەلۇمكى، قەلبنىڭ ئەمەللىرى: تەقۋالىق، ئاللاھ تائالانى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش، ئاللاھ ئاللاھ تائالاغا تايىنىش (تەۋەككۇل قىلىش) قاتارلىقلاردۇر. بەدەننىڭ ئەمەللىرى: تاھارەت ئېلىش، ناماز ئوقۇش، ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش، ئاتا ـ ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش قاتارلىقلاردۇر. ئاللاھ تائالاغا تايانغانلىق ئۆزىنى مىسلىسىز كۈچلۈك قورغان ئىچىگە ئالغانلىق بولۇپ، بۇ قورغاننىڭ ئىچىدە بولغانلار ھاياتنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدىن، دۇنيانىڭ خېيىم ـ خەتەرلىرىدىن، دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن قوغدىنىپ قالىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» سىزگە ﴿فَاتَّخِذْهُ وَكِيلًا﴾ «(بارلىق ئىشىڭنى) ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن» يەنى ئۆزۈڭنى، قىممەتلىك ھەر نەرسەڭنى ۋە ھەممە ئىشىڭنى ئاللاھقا تاپشۇرغىن، ئاللاھنى ۋەكىل تۇتقىن دەپ بۇيرۇيدۇ. سىز چىن قەلبىڭىزدىن ئاللاھ تائالاغا تايانغان ۋە ئىشلىرىڭىزنى ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرغانلا ئىكەنسىز، ئاللاھ تائالا ھەرگىزمۇ سىزنى نائۈمىد قويمايدۇ، ھەرگىزمۇ سىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزگە «ماڭا تايىنىڭلار ۋە ئىشلىرىڭلارنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار» دەپ تۇرۇپ، قانداقمۇ بىزگە ۋە ئىشلىرىمىزغا ئىگە بولمىسۇن؟! بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

**ئاللاھقا تاپشۇرۇش دېگەنلىك جىم ئولتۇرۇش دېگەنلىك**

ناۋادا سىزگە دۇنيانىڭ پادىشاھلىرىدىن ياكى رەئىس جۇمھۇرلىرىدىن بىرى «ئىشىڭغا مېنى ۋەكىل قىلغىن، ئۇنى ماڭا تاپشۇرغىن، مەن ھەل قىلىپ بېرىمەن» ياكى «پالانى زالىمدىن ئالالمىغان ھەققىڭنى ماڭا تاپشۇرغىن، مەن ئېلىپ بېرىمەن» دېسە، سىز بۇ ۋەدىدىن شەكلىنەمسىز؟ ھەرگىز شەكلەنمەيسىز. ئالەملەرنىڭ رەببى، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى ۋە ھەممىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالا سىزگە ﴿وَتَوَكَّلْ عَلَى الْحَيِّ الَّذِى لَا يَمُوتُ﴾ «ھېچ ئۆلمەيدىغان، مەڭگۈ ھايات تۇرىدىغان ئاللاھقا تايانغىن»[1] يەنى ئىشىڭنى ماڭا تاپشۇرغىن، ھەققىڭنى ئېلىشقا مېنى ۋەكىل قىلغىن دېسە، سىز بۇ ۋەدىگە ئىشەنمەمسىز؟ ياكى بۇنىڭدىن شەكلىنەمسىز؟

ناۋادا بىز ئىشلىرىمىزنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغاندىن كېيىنمۇ ئۇ ئىشلار كۆڭلىمىزدىكىدەك بولمىغان بولسا، چاتاق يەنىلا ئۆزىمىزدە بولغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا تايىنىش دېگەنلىك «بولسا بولار، بولمىسىمۇ مەيلى» دېگەن مەنىدە تولۇق ئىشەنچ بولمىغان ھالدا قىلغان تەۋەككۇل نەتىجە بەرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ھەقىقىي تايانساڭلار (تەۋەككۇل قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنى ئۇچارقاناتلارنى رىزىقلاندۇرغاندەك رىزىقلاندۇرىدۇ. ئۇچارقاناتلار ئەتىگەندە ئاچ قورساق چىقىپ كېتىپ، كەچتە توق قايتىپ كېلىدۇ»[2]. بۇ ھەدىس بىزگە

---

[1] فۇرقان سۈرىسى 58 - ئايەت.

[2] ئىمام ئەھمەد، ترمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

تەۋەككۈلنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن بولۇپ، سەۋەب قىلماستىن تەۋەككۈل قىلىشنىڭ ھېچ نەرسىگە پايدىسى يوق ئىكەنلىكىنى ۋە تەۋەككۈل قىلغاندىمۇ ئېغىزنىڭ ئۈچىدا ياكى تولۇق ئىشەنچ قىلمىغان ھالدا قىلىنغان تەۋەككۈلنىڭ نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى بۇ ھەدىسنىڭ «ئۇچار قاناتلار ئەتىگەندە ئاچ قورساق چىقىپ كېتىپ، كەچتە توق قايتىپ كېلىدۇ» دېگەن قىسمى ئۇچارقاناتلارنىڭ «ئۇۋىمە يىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئۇۋىسىدا رىزىق كۈتۈپ ياتمايدىغانلىقىنى ۋە رىزقىنى ئىپىش ئۈچۈن تاڭ سەھەردىلا ھايات مۇجادىلىسىگە ئاتلىنىدىغانلىقىنى، بىر كۈن كەچكىچە رىزىق يولىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

## تولىمۇ ئەھمىيەتلىك دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنۇ دۇئانى ھەمىشە ئوقۇشنى ئۆگەتكەن: «اَللَّهُمَّ أَعِنِّي عَلَى ذِكْرِكَ وَشُكْرِكَ وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ» «ئى ئاللاھ! سېنى ياد قىلىشىمغا، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمغا ۋە ساڭا ئوبدان بەندىچىلىك قىلىشىمغا ياردەم قىلغىن»[1]. بۇ دۇئانى ئوقۇشنى كۈندىلىك مۇھىم ئىشلىرىمىزنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك. چۈنكى مۇبادا ئاللاھ تائالا سىزگە ياردەم قىلمىسا يۇقىرىقى ئەمەللەرنى قىلالمايسىز. ئاللاھ تائالا سىزگە ياردەم قىلمىسا ۋە مەدەت بەرمىسە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىسىز.

ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزى مۇنداق دېگەن: «شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييە دېگەنكى، ئەڭ پايدىلىق دۇئا ئاللاھنىڭ

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

رازىلىقىغا ئېرىشىشىمىزگە ياردەم قىلىشىنى تىلەشتۇر. مەن بۇ دۇئانى فاتىھە سۈرىسىدىكى ‹ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز› دېگەن ئايەتتە تاپتىم». ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قەلب رىيا بىلەن كىبىردىن ئىبارەت ئىككى خىل كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. ئەگەر ۋاقتىدا داۋالىمىسا قەلب ئۆلىدۇ. رىيانىڭ شىپاسى ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ﴾ ‹ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز› دېگەن ئايەت، كىبىرنىڭ شىپاسى ﴿وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ ‹سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز› دېگەن ئايەتتۇر. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييە ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ﴾ دېگەن ئايەت رىيانى، ﴿وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ دېگەن ئايەت كىبىرنى دەپئى قىلىدۇ دېگەن سۆزنى ناھايىتى كۆپ دەيتتى».

## ئىشلارنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش ئىبادەتتۇر

ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىمىزنى تىلەش ئىبادەت بولۇپ، ئىبادەت بولغاندىمۇ ئەڭ سەممىي ۋە ئەڭ ئىخلاسلىق ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئىبادەت قىلىشتىن بولغان ئاساسلىق مەقسەت ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى ئىزھار ۋە ئىپادە قىلىشتۇر. بۇ مەقسەت دۇئادا ئەڭ ئوبرازلىق ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا سىزنىڭ ئۇنىڭغا ھەر دائىم ئىلتىجا قىلىشىڭىزنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە سىزدىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزگە ﴿ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾ «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن»[1] دەپ بۇيرۇغان، ئاندىن ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ

[1] غافىر سۈرىسى 60 - ئايەت.

دَاخِرِينَ﴾ «شەكسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى «ئىبادەت»تىن دۇئا مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا ئۆزىگە دۇئا قىلىپ ھاجەتلىرىنى تىلىگەن بەندىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارغا ئىبادەت قىلغاننىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ. دۇئا قىلىپ ھاجەتلىرىنى تىلەشتىن ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغانلارنىيامان كۆرىدۇ.

ئۇنداقتا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىڭىزنى ئىزھار قىلغان ھالدا بارلىق ھاجەتلىرىڭىزنى ئاللاھ تائالاغا سۇنۇڭ. چۈنكى سىزنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىز ئاللاھ تائالا بىلەن روياپقا چىقىدۇ، بارچە ھاجەتلىرىڭىز ئاللاھ تائالا بىلەن ھەل بولىدۇ، ھەرقانداق قورقۇنچىڭىز ئاللاھ تائالا بىلەن ئامانلىققا ئايلىنىدۇ.

## ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ھاياتنىڭ ئوكسىگېنىدۇر

ساقلىق - كېسەللىك، بايلىق - نامراتلىق، خۇشاللىق - غەمكىنلىك، تارلىق - ئازادىچىلىك ۋەھاكازا... ھەر قانداقئەھۋالدا ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇماڭ، ھەممە ئەھۋالدا ئۇنىڭغا تايىنىڭ. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ھاياتنىڭ ئوكسىگېنىدۇر. ناۋادا ئاللاھ تائالا كۆزىڭىزنى يۇمۇلۇشتىن توسۇپ قويسا، قۇرغاقلىشىش سەۋەبلىك ئاغرىپ كېتىدۇ. ئەگەر تىلىڭىزنى تېتىشتىن مەھرۇم قىلسا ھاياتنىڭ لەززىتى يوقىلىدۇ. ئەگەر يۈرىكىڭىزنى سوقۇشتىن توختىتىپ قويسا ھاياتىڭىز ئاخىرلىشىدۇ. شۇڭا سىز ئاللاھ تائالانى بىر لەھزىمۇ

ئۇنتۇماڭ، ساقلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇڭ، يۈرىكىڭىزنىڭ سوقۇشىنى، تومۇرلىرىڭىزدا قاننىڭ ئايلىنىشىنى، يېگەن، ئىچكەنلىرىڭىزنىڭ بەدىنىڭىز ئىچىدە توسقۇنسىز يۆتكىلىپ تۇرۇشىنى، ئەزالىرىڭىزنىڭ ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇشىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇڭ ۋە بۇ ئىشلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئەستىن چىقارماڭ.

## «ئاللاھ ماڭا كۇپايىدۇر» دەڭ

بەزى كىشىلەر سىزنىڭ روھىڭىزنى چۈشۈرۈش، ھېسسىياتىڭىز بىلەن ئوينىشىش، ئىشەنچىڭىزنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن بولمىغۇر خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، سىزنى تېخى كەلمىگەن كېلەچەكتىن قورقۇتىدۇ. سىز شۇنداق ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە، چىن كۆڭلىڭىزدىن: ﴿حَسْبِيَ اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ﴾ «ماڭا ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ھامىي!» دەڭ. شۇ چاغدىلا ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى سىزنى قورشايدۇ، زىيان ـ زەخمەت سىزدىن يىراقلىشىدۇ. خالىسىڭىز مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇپ تەپەككۇر قىلىڭ: ﴿الَّذِينَ قَالَ لَهُمُ النَّاسُ إِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُوا لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ إِيمَانًا وَقَالُوا حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ. فَانْقَلَبُوا بِنِعْمَةٍ مِنَ اللَّهِ وَفَضْلٍ لَمْ يَمْسَسْهُمْ سُوءٌ وَاتَّبَعُوا رِضْوَانَ اللَّهِ وَاللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَظِيمٍ﴾ «ئۇلار (شۇنداق زاتلاركى، بىر قىسىم) كىشىلەر ئۇلارغا: ‹شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار» دېگەندە، بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ھامىي!› دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە پەزلى بىلەن (بەدرى غازىتىدىن) ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە

ئۇچرىماي قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى. ئاللاھ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر»[1].

## قايىل قىلارلىق سەۋەب

نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تايىنىش كۆپايە قىلىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئاللاھ تائالا ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسىدۇر. ﴿وَلِلَّهِ مَا فِى السَّمَاوَاتِ وَمَا فِى الْأَرْضِ وَكَفَى بِاللَّهِ وَكِيلًا﴾ «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ھەممە ئىشنى باشقۇرۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر»[2]. سىز قورقىدىغان ئىشلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ئەمەسمۇ؟ سىزنى قۇتۇلۇپ بولالمىغان كېسەل ئاللاھ تائالانىڭ باشقۇرۇشىدا ئەمەسمۇ؟ ئۇنداقتا، سىز ھەممە ئىشىڭىزنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇڭ، قورقۇنچلاردىن ۋە ئاغرىقلاردىن خالاس بولۇشنى ئۇنىڭدىن تىلەڭ، يېتەرلىك سەۋەبلەرنى قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىڭ. ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق. ﴿اللَّهُ خَالِقُ كُلِّ شَىْءٍ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَىْءٍ وَكِيلٌ﴾ «ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر»[3].

بىر سالىھە ئايال يالغۇز ئوغلىنى چەتئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتمەكچى بولىدۇ، ئەمما چەتئەللەردە يامان مۇھىت ۋە يامان دوستلار سەۋەبلىك بەزى ياشلارنىڭ دىنىمىزنىڭ ئەقىدىسىدىن

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 173 - ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى 132 - ئايەت.

[3] زۇمەر سۈرىسى 62 - ئايەت.

ۋ ئەخلاقىدىن يىراقلىشىپ زايە بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئەنسىرەيدۇ. ئەۋەتەي دېسە ئوغلىنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىدىن قورقىدۇ، ئەۋەتمەي دېسە ئوغلى چىڭ تۇرىۋالىدۇ ھەم بەزى ئىشلار ئۇنى ئوغلىنى چەتئەلگە ئەۋەتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئايال كۆپ ئويلاپ ئاخىر ئەۋەتىش قارارىغا كېلىدۇ، «ئى ئاللاھ! ئوغلۇمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئۇنىڭغا سېنى ۋەكىل قىلدىم، سەن ئۇنىڭغا ھامىي بولغىن» دەپ قاتتىق دۇئا قىلىپ، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇرىدۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن نامىزىنىڭ بىر قىسمىنى ئوغلىغا دۇئا قىلىشقا ئاتايدىغان بولىدۇ. ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ ئوغلىنى قوغدىشىنى تىلەيدۇ. ئاخىر ئوغۇل ئوقۇشىنى نەتىجىلىك تۈگىتىش بىلەن بىرگە بەش ۋاخ نامازغا مەسچىتتىنقالمايدىغان، سەھەرلىرى تەھەججۇد ئوقۇشنى تەرك ئەتمەيدىغان، ئانىسىغا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنىدىغان بولۇپ قايتىدۇ. يەنى ئوغۇل ئانىسىنىڭ دۇئاسى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بۇرۇنقىدىنمۇ دىندار بولۇپ قايتىدۇ. قانداقمۇ شۇنداق بولمىسۇن؟ ئايال ئوغلىنى ئالەملەرنىڭ رەببى ۋە ھەممىنىڭ ئىگىسى بولغان قۇدرەتلىك ئاللاھ تائالاغا ئامانەت قىلغان ۋە كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلغان تۇرسا، ئاللاھ تائالا قويۇلغان ئامانەتنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدىغان زات تۇرسا، ئايالنىڭ تىلىكى قانداقمۇ ئىجابەت بولمىسۇن؟!

سىز يىراقتىكى پەرزەنتلىرىڭىزنى ۋە زايە بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ھەرقانداق نەرسىڭىزنى ئاللاھ تائالاغا ئامانەت قىلىڭ، ئۇنىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇرۇڭ، چىن كۆڭلىڭىزدىن

ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىڭ. ﴿وَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ وَكَفَى بِاللَّهِ وَكِيلًا﴾ «ئاللاھقا تايانغىن، ئاللاھ ساڭا يېتەرلىك تايانچتۇر»[1]. ئاللاھ تائالادىنمۇ ياخشى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىك تايانچ بارمۇ؟!

[1] نىسا سۈرىسى 81 - ئايەت.

## الغَفُوْرُ ــ ئەلغەفۇر

گۇناھلىرىڭىز ۋە خاتالىقلىرىڭىز روھىڭىزنىڭ سۈزۈكلۈكىنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويدىمۇ؟ ھۇزۇرىڭىزنى بۇزۇپ قويدىمۇ؟ ۋىجدانىڭىز ئازابلىنىۋاتامدۇ؟ گۇناھلىرىڭىز سەۋەبلىك ئىبادەتلىرىڭىزدىن، دۇئالىرىڭىزدىن ۋە نامىزىڭىزدىن ھۇزۇر - ھالاۋەت ئالالمايۋاتامسىز؟

سىز راستتىنلا ئۆستىڭىزدىكى بۇ ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلۇشنى خالامسىز؟ ۋىجدانىڭىزنى راھەتلىتىشنى، روھىڭىزنى سۈزۈك قىلىشنى ئىستەمسىز؟

ئۇنداقتا، سىز ئاللاھ تائالانىڭ «ئەلغەفۇر» دېگەن مۇبارەك ئىسمىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە، ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىگە بولغان ھاجىتىڭىزنى بىلىشكە موھتاج.

روھىڭىزنىڭ گۇناھ بىلەن ئازابلىنىشى جىسمىڭىزنىڭ كېسەل بىلەن ئازابلىنىشىدىن ئېغىر بولىدۇ. سىز گۇناھ بىلەن ھۇزۇرلانغان ۋاقتىڭىزدا روھىڭىز بىلەن ۋىجدانىڭىز ئازابلانغان بولىدۇ. چۈنكى گۇناھلىرىڭىز روھىڭىزنى زىندانغا ئوخشاش بىر تارچىلىققا مەھبۇس قىلىپ قويىدۇ. سىز ئاللاھ تائالانىڭ «غەفۇر»، «غەففار»، «غافىر» دېگەن مۇبارەك ئىسىملىرىنىڭ مەنىلىرىنى بىلگەن ۋاقتىڭىزدا، بىردىنلا كەڭرىچىلىككە چىقىپ

قالغانـدەك، دەردىڭىزگـە داۋا تاپقانـدەك بولـۇپ قالىسـىز.

ئەلغەفـۇر ـــ گۇناھنـى يۆگىگۈچـى ۋە ئەپـۇ قىلغۇچـى، ئەلغەففارـــ گۇناھلارنـى ناھايىتى بەك مەغپىـرەت قىلغۇچى،غافىر ـــ مەغپىـرەت قىلغۇچـى دېگـەن مەنىنـى بىلدۈرىـدۇ.

## ئاللاھ تائالا ھەممە گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر

ئالـلاھ تائالانـىڭ بـۇ مۇبـارەك سۈپەتلىرىنىڭ ئـەڭ ئوبرازلىـق تەجەللىسـىنى پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ۋە سـاھابىلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنـى ۋاراقـلاپ كۆرگىنىمىـزدە ئوپئوچـۇق كۆرىمىـز. ئۆمـەر ئىبنـى خەتتـاب رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مۇسـۇلمان بولۇشـتىن بـۇرۇن ئىسـلام دىنىغـا ئـەڭ قاتتىـق ئۆچمەنلىكـى بىلـەن تونۇلغـان شـەخس ئىـدى. ئـۇ مۇشـرىكلاردىن قورقـۇپ خۇپىيانـە ئىمـان ئېيتقان كىشـىلەرنى قاتتىـق ئازابلايتتـى، ھەتتـا ئۆزىنىـڭ بىـر دېدىكىنـى ئىمـان ئېيتقانلىقـى ئۈچـۈن شـۇنداق قاتتىـق قامچىلىغانكـى، «ئۇرۇشـتىن ھېرىـپ قالمىغـان بولسـام، سـېنى ئۇرۇشـنى توختاتمايتتىـم» دېگـەن. مۇسـۇلمانلار ئۇنىـڭ ئىمـان ئېيتىشـىدىن پۈتۈنلـەي ئۈمىدسـىز ئىـدى، ھەتتـا بەزىلـەر «ئۆمەرنىـڭ ئېشـىكى ئىمـان ئېيتسـا ئېيتىدۇكـى، ئۆمـەر ئىمـان ئېيتمايـدۇ» دېيىشـكەن ئىـدى. ئالـلاھ تائـالا ئۆمـەر ئىبنـى خەتتابنىـڭ قەلبىنـى ئىسـلامغا ھىدايـەت قىلىۋىـدى، ئۇنىـڭ بارلىـق گۇناھلىـرى ئۆچۈرۈلـدى، ئـۇ ئۆزىنىـڭ ئادىللىقـى ۋە ھەققانىيلىقـى بىلەن «فـارۇق» «ھەق بىلەن ناھەقنـى ئايرىغۇچـى» دېگـەن كاتتـا ئۇنۋانغـا سـازاۋەر بولـدى.

خالىـد ئىبنـى ۋەلىد مۇشـرىك قوشـۇنلىرىنىڭ تولىمۇ ئىسـتېداتلىق قوماندانـى ئىـدى. ئۇھـۇد ئۇرۇشـىدا تاغدا ئىستىھكامدا تۇرغان ئىسلام

قوشۇنىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير قاتارلىق ساھابىلەرنىڭ شېھىت بولۇشىغا ۋە ئىسلام قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا سەۋەب بولغان، ئەڭ يامان بولغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك بېشىنىڭ يارىلىنىشىغا، چىشلىرىنىڭ چۇشۇشىگە سەۋەب بولغان ئىدى. خالىدنىڭ ئىمان ئېيتىشى بىلەن ئۇنىڭ بارلىق قىلمىشلىرى ۋە گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلدى، ئۇ بولسا «ئاللاھنىڭ قىلىچى» دېگەن كاتتا ئۇنۋانغا سازاۋەر بولدى.

## ئاللاھ تائالا تەۋبە بىلەن ھەرقانداق گۇناھنى مەغپىرەت قىلىدۇ

بىر ئادەم گۇناھلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلغان ھالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «بارچە گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان، گۇناھ ئىشلاردىن بىرەرسىنىمۇ تەرك ئەتمىگەن بىر ئادەم ئۈچۈن تەۋبە قىلىشقا پۇرسەت بارمۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئىمان ئېيتتىڭمۇ؟» دەپ سورىدى، ئادەم: «ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقلۇقىغا، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقلۇقىغا ۋە سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە (يەنى ساڭا تەۋبە قىلىش پۇرسىتى بار)، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغىن، گۇناھ ئىشلارنى تەرك ئەتكىن، شۇنداق قىلساڭ، ئاللاھ گۇناھلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ياخشى ئەمەللەرگە ئايلاندۇرىدۇ» دېدى. ئادەم: «بارلىق خىيانەتلىرىمنى ۋە گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلامدۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «خىيانەتلىرىڭنى ۋە گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[1] دېدى.

---

[1] ئىمام تەبەرانىي «المعجم الكبير»دە رىۋايەت قىلغان.

## تەۋبە قىلسىڭىز ئاللاھ تائالا سىزنى ياخشى كۆرىدۇ

﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ﴾ «ئاللاھ كۆپلەپ تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ، پاكلانغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[1]. بىر كۈنى ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدا بىر ئايال ئۆزىنىڭ كىچىك بالىسىنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئۇنى ئاخىر تاپىدۇ ۋە تولۇپ تاشقان سۆيگۈسى بىلەن ئۇنى كۆكسىگە بېسىپ قانغۇچە سۆيىدۇ. ساھابىلەر بۇنى كۆرۈپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدا ئۇلارغا: «ئاللاھ بەندىسىنىڭ تەۋبە قىلغانلىقىغا مۇشۇ ئايالنىڭ بالىسىنى تاپقانلىقىغا خۇشال بولغاندىنمۇ بەك خۇشال بولىدۇ»[2] دەيدۇ. سىز نېمىگە كۈتۈپ تۇرىسىز؟ دەرھال تەۋبە قىلىڭ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولۇڭ.

«أَسْتَغْفِرُ اللَّه» «ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن» دەڭ. بۇنى تىلىڭىزنىڭ ئۇچىدىلا ئەمەس، بەلكى چىن قەلبىڭىز، روھىڭىز، بارچە ھېسسىياتىڭىز ۋە ئەقلىڭىز بىلەن دەڭ. ناۋادا سىز چىن گۇناھلىرىڭىزغا راستتىنلا پۇشايمان قىلىپ، چىن يۈرىكىڭىزدىن «أَسْتَغْفِرُ اللَّه» دېسىڭىز، سىزنىڭ دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھلىرىڭىز بولسىمۇ ئاللاھ تائالا چوقۇم مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا تەۋبە بىلەن بارلىق گۇناھلارنى، ھەتتا مۇشرىكلىك گۇناھىنىمۇ مەغپىرەت قىلىدۇ. ئەبۇ سۇفيان، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە، ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھل، ئەمر ئىبنى ئاس قاتارلىقلارنىڭ تاغدەك ئېغىر گۇناھلىرىنىمۇ

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 222 - ئايەت.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

مەغپىرەت قىلغان رەھىم ـ شەپقەتلىك ئاللاھ سىزنىڭ بارلىق گۇناھلىرىڭىزنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ. يۇقىرىقى كىشىلەر ئاللاھ تائالاغا بۇتلارنى شېرىك كەلتۈرۈش، ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش قىلىش، ساھابىلەرنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشى ۋە سەممىي تەۋبە قىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى پۈتۈنلەي يۇيۇلدى، ئۇلار بولسا ئۇلۇغلۇق ساھابىلەردىن بولۇپ قالدى.

## ئاللاھ تائالا مەغپىرەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تۆرلۈك يوللار بىلەن مەغپىرەت قىلىدۇ. تەۋبە بىلەن مەغپىرەت قىلىدۇ. بەندىنىڭ ﴿أَسْتَغْفِرُ اللّٰهَ الْعَظِيمَ الَّذِي لَا إِلَـهَ إِلَّا هُـوَ الْحَـيُّ الْقَيُّـومُ، وَأَتُـوبُ إِلَيْـهِ﴾ «ئۆزىدىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ بولمىغان، ھەمىشە ھايات تۇرىدىغان ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن» دېيىش، سەممىي تەۋبە قىلىشى ئۇنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا بەزى گۇناھلارنى ياخشى ئەمەللەر سايىسىدا مەغپىرەت قىلىدۇ. ﴿إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ﴾ «شەكسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ»[1].

ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازا بىلەن ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. «مۆمىن ئادەمنىڭ ئۆزىگە، پەرزەنتلىرىگە، پۇل ـ مېلىغا كەلگەن بالا ـ قازا ئۇنىڭ

---

[1] ھۇد سۈرىسى 114 - ئايەت.

گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ»[1].

كېچە ـ كۈندۈز ئەڭ كۆپ تەكرارلاشقا تېگىشلىك سۆز قايسى بىلەمسىز؟ شەكسىزكى، ئۇ «أَسْتَغْفِرُ اللهَ»دۇر. قىيامەت كۈنى نامە ئەمەل دەپتىرىگىزدە تەۋبە ـ ئىستىغپارنىڭ كۆپ تېپىلىشى سىزنى بەختلىك قىلىشقا يېتەرلىكتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نامە ئەمەلىدە ئىستىغپار كۆپ تېپىلغان كىشى نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە!»[2] دېگەن.

### ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىدىن ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەڭ

ھەرقانداق چوڭ ۋە كۆپ گۇناھلىرىڭىز بولسىمۇ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، سەممىي تەۋبە قىلسىڭىز ۋە توغرا يولغا كىرسىڭىز، ئاللاھ تائالا سىزنىڭ بارلىق گۇناھلىرىڭىزنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ. شۇڭا سىز ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەڭ ۋە تەۋبە قىلىشنى تاشلىماڭ. ﴿قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَى أَنْفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِنْ رَحْمَةِ اللهِ إِنَّ اللهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعًا إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) گۇناھ قىلىش ئارقىلىق) ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (تەۋبە قىلغان كىشىلەرنىڭ) بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[3].

---

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

[2] ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

[3] زۇمەر سۈرىسى 53 ـ ئايەت.